# ئۇيغۇر

# ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار

ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى: ئابرال

http://ilkitap.blogbus.com

## ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما نامىدىكى بۇ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى توردىن كۆچۈرۈلگەن( ئاساسلىق بىلىك، ئىزدىنىش، شەبنەم،سادا قاتارلىق تور بەتلىرى)، بەزىلىرىنى نەشىرىدىن چىققان كىتاپ-ژورناللاردىن رەتلەپ كىرگۈزگەن. تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى نامىدىكى بۇ توپلامغا ئاساسلىق ئادىل تۇنىياز، ئەخمەتجان ئوسمان، روزى سايىت،ئابدىقادىر جالالىدىن، دىگەندەك تونۇلغان شائىرلىرىمىز ۋە بىر قىسىم توردىكى ھەۋەسكار شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كىرگۈزدۈم. قىسمەن شېئىرلارنىڭ ئاپتۇرىنى ئەينى چاغدا خاتىرلىۋالمىغان بولمىغاچ بۇ توپلامدا ئىسمىنى يازالمىدىم.تورداشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈتىۋىلىشىنى سورايمەن.بۇ شېئىرلارنىڭ كىلىش مەنبەسى ئېنتېرنېت بولۇپ، ئەسەر ھوقۇقى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ.بۇ ئېلكىتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ياسىلىپ، پەقەتلا ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاندى. ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز ماڭا ئېلخەت ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىڭ. مەن سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى دەرھال چىقىرىۋىتىمەن.

مېنىڭ ئېلخەت ئادرىسىم: abral@live.com ياكى abral@live.cnۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكىتاپ تارقىتىش بلوگىدا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ بلوگ ئادرىسىم :

http://ilkitap.blogbus.com

ھۆرمەت بىلەن : ئابرال (بىلىك – ئىنتىل )

2008-يىلى 6-ئاينىڭ 18- كۈنى قايتا تۈزىتىلدى

## مۇندەرىجە

ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى ........ 6
قەشقەردىكى يەرشارى ........ 6
ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافتېريادا ........ 28
ئەگەر بىر قىز بولسا رەسسىدە ........ 36
گۆھەرپۇرۇش ئەخمەت ھەمەدانىنىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى ........ 36
كىتابخان ........ 44
چىرايلىق يىغلاش ........ 49
ئۈچىنچى ئايغا كىرىش ........ 51
بىر تەڭگە چۈشتى دوملاپ ........ 52
زاھىر بۇرھان شېئېرلىرى ........ 54
ئادەم ئىزلەش ئېلانى ........ 54
قۇش ........ 55
سەھنە ۋە جەھەننەم ........ 56
سۆيگۈ ئىزلەيمەن ........ 57
كېلىنگلار ........ 58
دوستۇم ........ 60
ئەي باللار ........ 61
ئاقىۋەت ........ 62
يەركەن كوچىسىدا ........ 63
ئەخمەتجان ئوسمان شېئېرلىرى ........ 64

http://ilkitap.blogbus.com

كەينىڭلاردىن ئەۋەتتىم قاراڭغۇلۇقنى.................................................. 64

ئويلىنىش.................................................................... 66

مىڭ بىر كېچە.................................................................. 69

دېھقان بولماق تەس ............................................................. 70

تەس دېسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس ..................................................... 80

شۇ قەدەر ئېغىر سۇنىڭ ئاۋازى.................................................... 85

ئادەم بولماق تەس.............................................................. 92

چىن تۆمۈر باتۇر ............................................................... 94

تۆگمەن....................................................................... 97

نىگارىستان.................................................................... 101

مۇقام......................................................................... 103

تونۇشۇش ..................................................................... 106

قاشتېشى ..................................................................... 108

قار ياغقان ئاخشىمى ............................................................ 109

بەخت......................................................................... 110

ئۆڭكۈر........................................................................ 111

نۇزۇگۇم...................................................................... 112

بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قوش............................................. 113

مەۋجۇدلۇق ـ 1 ................................................................ 114

باياۋان ـ 1 .................................................................... 115

بۆگۈن جۈمە ................................................................... 118

سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ ............................................ 123

http://ilkitap.blogbus.com

تۇز ...... 131

ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى ...... 134

سىنى سورايمەن ...... 138

مىلك بىر كېچە خاتىمىسى ...... 139

ئىككى قۇياش قەسىدىسى ...... 140

جالاپ ئەر ...... 141

ئەرنىك ئىپىپتى ...... 143

ئۇيغۇر قىزى ...... 148

مۇخەممەس ...... 149

يىغلاۋاتقان كوچا چىرىغى ...... 151

http://ilkitap.blogbus.com

# ئادىل تۇنىياز شئىرلىرى

## قەشقەردىكى يەرشارى

(داستان )

ئادىل تۇنىياز

سالام ئۇيغۇر دېگەندە قۇياش ،
سالام ئۇيغۇر دېگەندە تارىخ ،
قەشقەر شەھرى ئوخشار قەسرگە.

يۇلتۇزلار پەرۋازقىلار تاڭ سەھەردە ،
پەسىللەر پەرۋازقىلار دەرەخلەردە ،
بۇ شەھەر پەرۋازقىلار چۈچەكلەردە.
بۇ يەردىكى ئادەملەر
پەرۋازقىلار يۈرەكلەردە.

ئات قوشۇلغان

قىزىل سايىۋەنلىك مەپە

تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن ،

جىرىڭلىتىپ قوڭغىرىقىنى.

سېۋەتنى قويۇپ بېشىغا

گىردە سېتىپ يۈرگەن بىر بالا

تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن.

قۇشلار ،

هارۋا ،

سۇمبۇل چاچلىق ئايال ،

يەنە بىر ئايال ،

كۆز ،

ئەتلەس كۆڭلەك ،

ساقال

تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن.

مەن

كىشلەر چاي ئىچىۋاتقان ،

مۈگدىشىۋاتقان ،

يۆتەلگەن ،

چەينەك چوغىسىنى

پىيالىگە تەككۈزۈپ

چاي قۇيغان ،

چاي شامىسىنى پۇۋلەۋاتقان ،

كىشىلەر

بىر - بىرىگە بېقىپ

گەپلەشكەن ،

سەنلەشكەن

قايناق بىر چايخانا ئالدىدىن ئۆتكەچ ،

كىملىكىنى بىلىندۈرمەستىن

كۈيىۋاتقان مەخپىي ئاشىقتەك

ئوغرىلىقچە كۈيۈپ يۈرىمەن.

كوچىدىكى ھەممە نەرسىگە

قاراپ - قاراپ يەنىلا تويماي

نۇردەك ئۈنسىز سۆيۈپ يۈرىمەن.

سۆيىمەن

ئاي نۇرىدا تۇرغان ئاق تېرەكلەرنى ،

جىمجىت تۇرغان كۆلەڭگىسىنى ،

ئېرىپ كەتكەن كۆلەڭگىسىنى.

سۆيىمەن سىنتەبىردە ياغقان يامغۇرنى ،

ماي يولدا جىم ياتقان يامغۇرنى ،

ئەنسىز يىغلاۋاتقان يامغۇرنى.

ئەينەكلەرنىڭ سۇنۇقلىرىغا

نۇر مارجىنى چاچقان يامغۇرنى.

http://ilkitap.blogbus.com

سۆيىمەن مەسچىتتىن قايتار ۋاقتتا
خۇدانىڭ قوللىرىدىن ئاققان يامغۇرنى.

سۆيىمەن
ئۈندىكى قارنى ، شامالنى.
چىملىقلاردا ، ئېرىق بويىدا
سازاڭ تېرىپ يۈرگەن باھارنى.
12-ئاينى ، 12 ئاينى ،
چوڭ كوچىنى ، خالتا كوچىنى ،
تىلەمچىنى ، پالچى ئايالنى ،
تەشتەكلىك ، تەشتەكسىز دېرىزىلەرنى ،
سېنى ھەم ئۈنى.

سۆيىمەن
مىلادىدىن بۇرۇنقى
ۋە كېيىنكى تارىخنى ،
سۆيىمەن تارىخنىڭ كەلگۈسىنىمۇ.

## بىكەت ئىچىدە

بايا ماڭا ئەنجۈر ساتقان چال
(ئۈنتۈپ قالغان بولسا كېرەك)
ئەنجۈر ساتتى يەنە بىر نۆۋەت.
بارلىقنى بىلمەس ئۇ مەندە

ئەنجۈردىنمۇ شېرىن مۇھەببەت.

تۇنۇشمەن بۇ مۇھەببەت بىلەن

تونۇشلارغا ، نا تونۇشلارغا ،

كوچىدىكى ئاپتوبۇسلارغا.

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمىدەك

تۇتۇشارمەن مۇھەببەت بىلەن

قەشقەردىنمۇ يىراق جايلارغا.

لاتۋىيىگە ، فىرانسىيىگە ،

شىمالىي قۇتۇپتىكى ئېسكىمۇسلارغا ،

ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى

يۇلتۇزلۇق كېچىدەك ئۆچمەس نېگىرغا.

ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىدىكى

غارغالتىغا ، بېلىقچى قىزغا.

يىراق چىلى ئورمىنىدىكى

يېنىك ، جىمجىت ئاي نۇرلىرىغا.

سۇ ئۈستىدە كەچكى شەپەق

قىزىلگۈل بولۇپ ئېچىلىپ قالغان

گۈگۈمدىكى نىل دەرياسىغا.

مەن بۇ كىچىك زېمىندا تۇرۇپ

تارىم دەرياسىنىڭ دولقۇنى بولۇپ

كېتەلەيمەن دېڭىزلارغا قوشۇلۇپ.

مەن  ئالتاي ئورمىنىدىكى بىر يۇلتۇز بولۇپ

بىرەلەيمەن پەلەستىنلىك ئايالغا

مەھبۇبىنىڭ قەبرىسىنى يورۇتۇپ.

مەن

بەخت تىلەيمەن ئەيسا تىلىدا

كرېست كۆتۈرۈپ ئىرۇسالىمغا

كېتىۋاتقان ياش يەھۇدىيغا.

مەن  تەكلىماكاننىڭ تومۇز تومۇز پەسلىدە

سالام بېرىمەن قۇمنىڭ رەڭگىدە ،

ياۋروپانىڭ يېشىل رەڭگىگە.

ھاۋا بولۇپ كۆلۈمسىرەيمەن

كەڭ زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە.

مەن نۇر چېچىپ تۇرغان بىر چېكىت ،

يەر شارىنىڭ خەرىتىسىدە.

قەشقەر

ماڭا ئوخشاش كىچىك بىر شەھەر.

## بازىرى  ھېيتگاھ

جىمجىت يۈرەكتەك

جىمجىتقىنا مەسچىت مۇنارى.

كۆز

سۆزلىيەلەيدىغان كۆز.

خۇدا

بەندىسىز خۇدا.

دۇنيا

ئاغزى دۇنيا.

ناخشا

ئېيتىلمىغان ناخشا.

ھېيتگاھ بازىرى ئالامەت بازار ،

ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا قىستىلىپ بارار.

ئاشقلار گۈل ئالغىلى كېلەر ،

كۆزسىزلەر كۆز ئالغىلى كېلەر ،

سۇكۇتلەر سۆز ئالغىلى كېلەر.

ئەرلەر جاننى سېتىپ نان ئالدۇ ،

ئوسما سېتىپ ئالدۇ ئايال.

يىگىتلەر يۆلىنىپ رېشاتكىلارغا

يات بىر شەھەردە تۇرغانغا ئوخشاش ،

كۆزىتەر ھەممىنى بىپەرۋا ، قىيپاش.

بىر بوۋاق كوچىغا چىقار يالىڭاچ ،

چوڭلار ئۆرە - تۆپە بولۇپ تۇشمۇتۇش

شۇ ھامان كۆيدۈرمەك بولار ئۇستىباش.

گۇڭگا شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا

http://ilkitap.blogbus.com

ئادەملەر يۈرىكىدىن كۆرۈنەر قۇياش.

ھېيتگاھ مۇنارى ،

ئەنسىز دۈپۈلدەۋاتقان

يۈرەككە ئوخشاش.

## ساقىنامە

بىر توپ ئورۇق پەرىشتىلەردەك

مەغرۇر بىز ھەم ،

بىچارە بىز ھەم.

توختىماي جىرىڭلار كۆڭۈل تېلېفونى ،

ئەھ ، ئۇنى ئالغىلى چىقمايدۇ ئادەم...

قات ـ قات غېرىبلىق

مىڭلىغان سۈپىسۈزۈك ئادەملەر ئارا...

ئۇزاتقىن ساقى

تولدۇرۇپ قەدەھكە دەل ـ دەرەخلەرنى ،

يامغۇرنى ، پاتقاقنى ، ئاينى.

قەشقەرنىڭ ئاي تۇغقان كوچىلىرىنى ،

ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بېكەتنى.

توشقۇزۇپ ئەسەبىي قىزغىنلىقىڭغا

بورانىنى قەدەھكە سالغاندەك سىلىپ

دىۋىدەك سۇنۇپ بەر قەدەھنى ماڭا.

ئۇزاتقىن ئەسەبىي قىزغىنلىقىڭنى...

بىر نۆۋەت ئەپۇ قىل لوگىكا شۇناس ،

بىزنىڭ ساقىمىز

ئۇزاتسۇن بىر قەدەھ بىمەنە خىيال ،

غالجىرلىق كەم بولدى بىزدە ئېھتىمال.

ئۇچرىتىپ قالساقلا ئۆز- ئۆزىمىزنى ،

يۇمماقچى بولىمىز كۆزلىرىمىزنى.

ئاجايىپ سۆلەتلىك روھىي كېسەللەر

ئۇستەلدە ، كوچىدا ، ئېسىل كىتاپتا

ۋە ياكى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئارا

خىزىردەك يولۇقۇپ تۇرىدۇ دائىم...

قايتىمەن تەڭشىلىپ قاۋاقخانىدىن ،

ئۆچمەكتە يۇلتۇزلار ،

ياندۇرغان شاملارمۇ سەن ماڭا ئاتاپ ،

ئۆچۈشكە باشلىدى ئاستا پىلىلداپ...

قۇياش

شاراب ئىلاھىنىڭ قۇيرۇغىدەك

ئۇچۇپ يۈرەر قاۋاقخانىدا...

قاۋاقخانا

كالا كۆزلۈك جۇۋانىدەك

ئەركەكلەرنى قىلار مەھلىيا.

شارابلارنىڭ خۇش بۇي بەرگىگە ،

قەدەھلەرنىڭ ئۇتتەك لېۋىگە ،

يىغلاۋاتقان شامنىڭ كۆزىگە

كۆمۈلدۇ ئەرلەرنىڭ تېنى.

ـ نە سەۋەپتىن ئىچتىڭ قەلەندەر ،

ـ بەك ۋاپاسىز چۈنكى ئادەملەر.

ـ ئىچەيلىمۇ بۇگۈن ،

ـ نېمىشقا ؟

ـ ئىش ھەققىمنى ئالدىم قولۇمغا.

ـ سىزچۇ ئەپەندى ؟

ـ كىم ئىچىدۇ ئىچمەي تارىخچى.

ـ سەنچۇ ھوي بالا ،

ـ چوڭلاردىن سورا.

جان كەپىلىك ، جانان كەپىلىك ،

تەنىنىڭ قارا چاچلىرى

يوتىسىدا يەلپۈنەر يىللىق.

كوچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا

يۇلتۇز قىزلار تۇرىدۇكۈلۈپ.

سەن بىلمەيسەن ،

ئېتىك نېمە ، ئۆيۈڭ قايانىدا ،

سەن بارمۇ ـ يوق مۇشۇ جاھاندا.

http://ilkitap.blogbus.com

ئۇخلىغىنىڭ يادىڭدا پەقەت

بىر كېچىدەك ، بىرەر سائەتتەك ،

بىر ئەسىردەك ، ئىككى ئەسىردەك.

سەن كۆزىڭنى ئاچقان ۋاقىتتا

كوچىدىكى مۇنار ئۇستىدە

قىيسىق قۇياش تۇرار ساڭگىلاپ...

گىرە سېلىپ ئاق كۆڭۈل يارغا ،

يىغلىۋالغۇڭ كېلىدۇ راسا.

باي بولماقچى بولغان سودىگەر

ئەتلەس ساتماي سېتىش كېرەك مەي.

توي لەززىتى مەيدە ئەمەسمۇ ،

ئۇسسساڭمۇ ئىچىش كېرەك مەي.

يول سۈپۈرگۈچى

مەنسىپىنى قۇتلار مەي بىلەن

بىر كوچىغا باش بولغان كۈنى.

كاتتا ئەمەلدار ئەمىلدىن ئايرىلغان كۈنى

مەيخانىدا يىتتۈرۈپ قويار

ئۇزۇن يىللىق سالاپىتىنى.

تەستىقلايدۇ مەستلىكتە سوتچى

ئۆز- ئۆزىنىڭ جازا خېتىنى.

مەست دوختۇر

نىرۋا كېسەل كىرسە ئۇشتۇمتۇت

چېكىسگە سۈركەپ قويار يود.

يېشلمەي ئوغرى مەستلىكتىن

ئاپتوبۇستا دەلدەڭلەپ تۇرۇپ

يانچۇقلارغا ئۇزىتىدۇ پۇت.

مەيخانىغا كىرسە قەلەندەر

كۆرىدۇ مەيخانا ئىچى

ئوردىسىدەك ئەڭ سېخى شاھىنىڭ.

مەست بولغاندا ئاقىل تارىخچى

يىلنامىلەر مەست بولار بىر- بىر

تاپالمايدۇ ئۆز تارىخىنى...

سەن كېتسەڭ مەي ئىچمەس شائىر

چوڭ شەھەردىن خىلۋەت دالىغا.

بۇلاق يېنىك شىلدىرلاپ تۇرار ،

كەيپ بولغۇڭ كەلمەس زادىلا.

سەن يىغلايسەن ، ئوخشار تەبىئەت

باغرى يۇمشاق ئاق دىل ئانىغا.

شاراب ئىلاھى

قەشقەردىكى قاۋاقخانىدا...

**قۇشلار**

ۋەتەنسىز قۇشلار

پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.

سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر

غازىكىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.

غېرىبلىقتەك

ئېگىز بىنا.

قوشنا ئۆيدىكى ئادەم.

تام.

ئىككىنچى قېتىملىق ئۆرپ ـ ئادەت.

توي.

ناتونۇش دەپنە مۇراسىمى.

قۇشلارنىڭ يېشى.

ئەينەك غېرىبلىق.

قول يەتمەس ئىشىك.

كارىۋات.

قاچقان ئۇيقۇ.

ئوچۇق دېرىزىدىكى

ئاپئاق ساڭگىلاپ تۇرغان

ۋەتەننىڭ مۇزلىغان قولى.

غەم تولغان كۆلدان.

ئايروپىلان.

http://ilkitap.blogbus.com

دېڭىز.

قۇشلارنىڭ يېشى.

ھەممە يەردە يات ئادەم.

مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن ،

يەنىلا ئۆزىڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ.

ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قول ياغلىقىڭنى.

ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى ،

ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن.

مىلىيونېر بوپكەتكىن بەرىبىر يەرلىك -

قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق.

ھەركىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق.

مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە ،

بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ

ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت.

بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرىسەن ھەركەچ

جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى.

مۇقەددەس بوۋى مەريەم چىركاۋسى

كۆرىنەر سەن ئۆسكەن تار كوچىدىكى

كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرۇڭ سالغان.

ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا ،

تۇيۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا.

http://ilkitap.blogbus.com

مۇباددا دوزاختا بولسىمۇ ۋەتەن ،

مەڭگۈ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن.

ۋەتەن ، ئېھ ۋەتەن ،

چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى ،

چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.

گۆھەردۇر ، ئالمىدۇر ، خۇش پۇراق

گۈلدۇر ،

ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن تولا تىزەك.

ئەيسادۇر ، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى ،

يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۈيۈلماس دوستتەك.

ۋەتەندە بىر ناتونۇش بالا

يۈگۈرۈپ ئۆتكەن بولسا ئالدىڭدىن

يۈز يىلدىمۇ چىقماس يادىڭدىن.

تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى

ئۆز ئېلىڭدە ئۆز تىلىڭدا ئۆز ؛

تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر

شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز.

شېئىرىنى ئوقۇساڭ بەزەن

گېزىتلەردىن پاز ياكى تاگورنىڭ ؛

تېتمايدۇ ساڭا ئۇ قىلچە ،

ئۆز يۇرتۇڭدا ئېيتقان قوشاقچە.

ئۆزاتقاندا ئەزرائىل بىردىن

دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن،

سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن

ۋەتەنىدىكى خىياللار بىلەن.

يات تۇپراقتا كۆمۈلگەنىدە سەن

كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن...

سېغىنغاندا قەشقەرنى

چەت ئەلدىكى ھەر بىر مۇھاجىر

شۇنداق يازار خەت يازسا ئاخىر.

## نۇر چەكسىز

قەشقەردىكى ئاياللار

قەشقەردىكى ئەرلەرنىڭچۇشى.

تاپىنىڭ نۇر ، قاناتلىرىڭ نۇر ،

كۆلەڭگەڭ نۇر ، يۇپۇرمىقىڭ نۇر ،

ئاۋازىڭ نۇر ، خۇش پۇرىقىڭ نۇر.

بارچە ئەرلەر چەكسىز سوزۇلغان

قاپقاراڭغۇ تاغ جىلغىسىدۇر.

قەشقەر گويا ئورمانلىق ،

سەھەر سېنىڭ ئىزىڭ ئەمەسمۇ ؟

ئويغا چۆكسەڭ خىيالىڭ گۈگۈم ،

تۈن كېچىلەر چېچەك ئەمەسمۇ ؟

ئاڭلىنىدۇ خىلۋەت تېنىڭدىن

شىلدىرلىشى بۇلاق سۈيىنىڭ.

تېنىڭ مۇنبەت ئېكىنزار گويا

گۈل ئېچىلغان پۈتلىرىڭ ئارا.

سەن بولسەن كىچىك ئالەملىق ،

سەن گوياكى سۈزۈك مۇزىكا.

سەن ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتە ،

مەن ئۈيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا.

سەن گوياكى بىر تال چۈمۈلە ،

مەنىسى يوق خەت يېزىپ يۈرگەن.

سەن گوياكى نامىسىز چىغىر يول ،

ئەرلەر دائىم ئېزىقىپ يۈرگەن.

ئايال ، ئەر ۋە كەچتىكى كارىۋات ،

يىنىك ، پىنھان چېلىنغان بەدەن ،

ئۈپۈرىماس ساز ، مەستخۇش مۇزىكا.

ئېھ ، يالىڭاچ نومۇسچان خىيال ،

ئېھ ، ئۆزىنى يوقاتقان دۇنيا.

نەرە تارتقان قىلىچلىق ئەرلەر

قان ئىچىگە يىقىلار بىر- بىر ،

قۇل بولىمىز ئاستا بەك ئاستا.

ئۇ بىر ئايال مۇلايىم قاتىل ،

ئەر ئۆلدۈ نەيرەڭ بىلەنلا.

ئايال ، ئىھ ئايال ،

ئايال ، ئايال ، يوللاردا ئايال ،

ئەبەدىيلىك نۇرلاردا ئايال.

بۇ ئالەمنىڭ غېرىبلىقىدىن

قۇتۇلۇشقا تاپالماي ئامال ،

ساڭا مۇھتاج بولدۇم ئىھ ، ئايال.

بىر جۈپ گۆزەل ئالتۇن كەشنى مەن

كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.

ۋە ئالتۇندىن ياساپ بىر كىشەن

كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.

غېرىبلىقنىڭ سوغۇق نۇرلىرى

چاقناتماقتا مېنى خانەمدە.

ئاھ ، جىمجىتلىق ،

سەن بەك ئېغىر قىز ،

مۇزلىغان تېنىڭ.

رەسىمدىكى ئايال چولپاننىڭ

كىيىملىرى نېپىز بەك نېپىز.

توساتتىنلا مىدىرلاپ تامدا

يېشىۋەتتى باغىردىقىنى ،

ئاندىن ، ئاستا ـ ئاستا...

بىر ئوغۇل بالا ،

قوش قولىدا سىقىمداپ

ھېچكىشىدىن قىلماستىن ھايا

ئانىسىنى ئەممەكتە تازا.

چەكسىز ئايال.

يات مەدەنىيەت.

ئىشكىسىز كوچا.

مۇنچىدىكى قىزنىڭ يوتىسى

نۇر چاچىدۇ ئەرلەر شەھىرىگە.

سانسىزلىغان ئىزىمىز قالدى ،

تالاي كەچتە ئاشۇ كوچىدا.

بەردىم گۈزەل كۆپ سۆكۈتلەرنى ،

بىرلا سۆزنى بەرمىدىم ئەمما.

ماڭغىنىمدا بىرگە سەن بىلەن ،

يوق تۇيۇلار ياكى سەن يا مەن.

خىيال دەيمەن ئىشەنگۈم كەلمەي

ئىككىمىزدىن بىرسىمىز جەزمەن.

خىياللىرىم سەن ھەققىدىكى-

پارە- پارە سۇنغان ئەينەكتۇر.

ئاۋازىڭ بار ، يوقتۇر ھېچنېمەڭ ،

بار پەقەتلا تالا- تالا نۇر.

كۆزىڭدە لىق بىر كوزا سۇ بار ،

قىنىپ ـ قىنىپ ئىچىپ بولۇپلا

چىقتۇمتۇم كىلدۇ دەرھال.

بار سىنىڭدە نازۇك بىر يۈرەك ،

تەكچىدىكى جانان چىنىدەك.

دەيمەن ھىچكىم تەككۈزمىسۇن قول ،

ئۇ چىنىگە مىنىڭدىن بۆلەك.

سەن مەن ئۈچۈن بىر پارچە شىئىر ،

ئىزدەيمەن ئۇنىڭدىن پىكىر ،

بار پەقەتلا تاتلىق ھىسسىيات.

قەشقەردىكى ئاياللار

ئەرلەر قوزغان دۆلەتتە ياشار ،

يوق مۇستەقىل پادىشاھلىقى.

چۈشۈرىدۇ تەختتىن ئۇلار ،

ۋە شاھ قىلار خالىسا سىنى.

بەرگەن چاغدا ئۇلار ھىسسىيات ،

ئايلىنىدۇ ئەرلەر شائىرغا.

ئىرىشىدۇ نوبىلغا ھەتتا.

ئەگەر ئۇلار قىلمىسا ئىنساپ ،

ئايلىنىدۇ ئاقىل ساراڭغا.

كىردى ئۆيگە ھارغىن مۇئەللىم ،

http://ilkitap.blogbus.com

چايغا ئوخشاش ئىسسىق بىر ئايال

ئېلىپ كىردى پىيالىدە چاي.

قايتتى ئۆيگە كاۋاپچى يىگىت ،

ئاغىچىسى چىقىپ خۇش چىراي

قولىلىرىغا سۆيدى ئېگىشىپ.

رومان يازار يازغۇچى ئەختەم ،

ئارگىنالنى رەتلەپ خانىمى

كۆچۈرىدۇ ياندا پەم بىلەن.

ھەسرەتلەنسە تارىخچى بوۋاي ،

مومىيىمۇ چېكەر بىرگە غەم.

كوچا- كوچا- يەنە بىر كوچا ،

بىر توپ ئايال چۈشكەن پاراڭغا.

-ئاڭلىسىمۇ چىرايلىق قوشنام ،

گۈللۈك ، نېپىز قەغەزدەك ئىشتان

ئەنقەرەدە بوپتۇمىش مودا.

-قىزنىڭ قېشى شالاڭمۇ نېمە ؟

باردىلىمۇ ئاخشامقى تويغا.

-چېچەن دېگەن ئاشۇ ئەخمەق خەق ،

تەنگە سىڭگەن نېننى يېمەي

ئۇرۇش قىپتۇ دەيدۇ يېقىندا.

-ئەر چىقماپتۇ سەنئەتچى قىزغا.

...

غەمكىن شائىر يوللايدۇ سالام

پەقەتلا قەشقەر گۆزەللىرىگە.

ھېيتگاھتا نان تىلەپ يۈرگەن

يۈزى تارىخ مىسكىن مومايغا.

لەگچۈكچىغا ، ئاشپەز ئايالغا ،

ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتقۇچىلارغا.

ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ

ئاياللار بۆلۈمىدىكى

ھەر بىر بىمارغا.

توپا باسقان يوللاردا كېتىۋاتقان

تۆت پەسلىنىڭ باغچىسى بولمىش

گۈل بەدەنلىك قىز ـجۇۋانلارغا.

سالام بېرەر ئوتتۇرا ئاسىيا ،

سالام يوللار بىپايان دۇنيا ،

قەشقەردىكى قىز- ئاياللارغا.

* * *

مەپە ۋە سەھەر.

ئاق قاشقىلىق ئاتنىڭ كۆزىگە

چۆكۈپ كەتتى قۇياشلىق شەھەر.

ئادەم ۋە ئالەم

يارىتىدۇ ئۆز تارىخىنى

ئېقىپ كەتكەن يۈلتۇزغا قەدەر.

يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە

نۇرلانماقتا قەدىمى قەشقەر

## ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافتىريادا

يۇلتۇزلار كۈندۈزدە سۆزلىشىدۇ،

چاقنمايدۇ.

يەر شارى ئالەمنىڭ بىر چېتىدە

ئاڭلايدۇ،

ئىسىدە ساقلمايدۇ،

دۇبەي شەھىرىنىڭ مونولوگىنى.

دېڭىز سۈركىلىدۇ، ئىچىلىدۇ،

ئادەملەر مەڭگۈ بۇلغانمايدۇ،

يۆتىلىدۇ، يۇمشايدۇ، چېچىلىدۇ.

كونا ئىككى قولىۋاق تۇرار لەپەڭلەپ

بىر تال بويۇن تۆكى بېلىقئالغۇنىڭ

سېمونت ئۇستىگە چۈشتى لەيلەپ.

راشىد پورتى

ھارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ،

مەغلۇپ زامانلارنى ئۆزىتىپ قويىدۇ.

ئىككى ئۇيغۇر كافتىريادا ئولتۇرۇپ

Caeserرىمدا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردەك

سۈس كەيپىياتنى كۆتەرمەك بولىدۇ.

مۇڭلۇق كۆزلەر پات ـ پات سەيلە قىلىدۇ،

ئېگىز كېمىلەر دېرىزىدىن ئېقىپ كېلىدۇ.

ئېگىز هارۋىلىقلار شەهەرلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ

ئەسلىمىلەرنى يېڭىلايدۇ...

ئەي ئوتلاقلارنىڭ خاقانى، تاجىڭغا

قىستۇرۇلغان بۇركۈت پېيىدىن غۇرۇرلىنىمەن.

ئاستىڭدا چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ ئاق رەڭگىگە دۇئا قىلىمەن.

شامال يۇلتۇزلىرى ئايغىرىڭنىڭ ئاق قاشقىسىدا ئەبەدىي چاقناپ تۇرغاي.

هۆل شەهەرلەر هاياجانلىق سىيلاشلىرىڭدىن ئاۋات بولغاي.

جاراڭلىغان ئاۋاز ــ پاكىستانلىق هامماللار تۆمۈر ساندۇقلارنى چۈشۈرمەكتە.

هايات دولقۇنى ئېقىتىپ كەلگەن سەرگەردانلار،

پۇۋلەنگەن مامكاپلار.

هەيۋەتلىك پۇل يولۋىسى ئادەملەر ئورمىنىدا كېزەر هۆركىرەپ.

ئورنۇم ئەمدى ئۇ جايدا ئەمەس، كىرىپ قالدىم ئۇپۇققا مەن پۇلنى دەپ.

ئاه، ناتونۇش ئىككى سودىگەر، ئانا تىلىمدا قىلىشماقتا گەپ.

ئۇيغۇر تىلى كۆيمەكتە، كۆك يالقۇن چىقىرىپ دېڭىز سۈيى ئۈستىدە.

تىلىم كېكەچلىمەكتە، تارىخنىڭ ۋاراقلىرىدەك

ئۆزۈندىن بىرى كۆيۈۋاتقان چۈش پەيتىنى.

تىلىم تېتىماقتا، نېمىدېگەن ئازابلىق

خرۇستال جامدا شېكەر قوشۇلغان قەھۋە ئىچىش.

ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئىككى ئادەم، قارغىماقتا

ئۇيغۇر تىلىدا، كافتېريادا ئولتۇرۇپ.

مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن.

راشىد پورتى

ھارغىن كىشىلەرنى كۈتتۈۋالىدۇ

مەغلۇپ زامانلارنى ئۈزىتىپ قويىدۇ.

## پىنھان سەھەر

زەڭگەر رەڭگە كىردى دەرەخلەر

چاقنار، ئۆچەر كۆك بىزگە پىنھان.

قوينۇمدا گۈل

بوينۇمدا قول، قولۇمدا سەھەر

تامدۇق، ئۇندۇق، ئىنسان ھەم پىنھان.

## دېرىزە ئالدىدا

قەشقەر

ئۈستى ئوچۇق مۇزېي بۇ

قەبرىسى بۇ تىرىك شەھەرنىڭ.

ناتونۇش مەرمەر ۋاللىدايدۇ.

يۇلۇڭ ئەدىيالدەك ئېغىر ئەسلىمە

چۈشتى يەرگە

چۆمدۈم سوغ تەرگە

بۇيۇك ئىكەن بارلىق ئەسلدە.

يۈز يىللىق تاملارنىڭ يارىسىدا

شەھۋەت بىلەن پۈل ئارىسىدا

سۇنىڭ مەنىسى تاش،

ئۆلۈمنىڭ مەنىسى ياشاش.

قاغا تۇمشۇق بۇزۇلمىغان

ئىشىك كەينىدە يانتۇ نۇر.

ئەينەكلەردە كۆرۈنمەيدۇ قان

كوچىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر.

بىر ئىسكىلىت چۈشۈپ كارىۋاتتىن

دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

زوقلانماقتا قايناق هاياتتىن.

هەسەنشېرىك

قىشنىڭ چەكسىز، ئاپئاق دولقۇنى

سىمونتتا تالاشماقتا جان

توڭ يەرلەر ۋە كۆندۈز ئەل بولغان.

بىراق

سۈۋەرەك تىركىشىدۇ،

قان رەڭدە يامىشىدۇ،

تەخسىگە، قورالغا، كېچىگە.

يەيمىز، ئۇخلايمىز

ۋەھىمە ئىچىدە.

كۆچ تولغان ئەتىياز.

ئايال جەسەتلەر تىرىلدى

قىرلىق تاشلار ياتقۇزۇلغان كوچىدا.

سىرلىق، قۇرغاق تېگىش لەززىتى،

سۈۋەرەكنىڭ جىسمى ئۇچىدا.

بىز تۇرمۇشقا يۆزلەندۇق

مەرمەر تاملار ئىچىدە،

دېلىغۇللۇق ئىچىدە.

كېچىدە

قارا تاش ئۈستىدە كېتىۋاتقان

قارا چۈمۈلىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى

نەقەدەر بۈيۈكسەن، بىلگۈچى ئەڭ

نەقەدەر كىچىك مەن ھەم قوڭۇررەڭ!

بېلىق تۇتقۇچىلار

ئۆلۈم بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇردى.
سۆسۈنرەڭ چېچەكلەر سۇدىكى سايە
كۆل توختىغان ھۆل بەدىنى ھەرىكەتتە.
قارىدىم ھەۋەستە
پىلتىڭلاپ ماڭغان بېلىقتەك قىزلار
چەكلەنگەن بېلىقچى، سۇسىمان چىگرا.
قىرغاقتا ئۈچ ئەرۋاھ موخۇركا چېكەر،
بوۋاي جىمجىت سۇغا كۆز تىكەر،
قولىدا قارماق؛
قات ـ قات قۇرۇق، قاتمۇ قات قاسراق
ئۆزۈپ كېتەر بوۋاي بىر كۈنى.
ئىچمەكتىمىز ھەسرەتلىك سۈنى.
يېقىنلاشتىم
بېلىقنىڭ خۇش ھىدى تارقىلار جىم،
نەم ۋە سىلىق قاراڭغۇلۇقتا
ئېتىلىمىز يەمچۈككە.

## ئۇسما

ئۆلۈم بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرىدۇ.
سۆسۈنرەڭ چېچەكلەر سۇدىكى سايە
كۆل توختىغان ھۆل بەدىنى ھەرىكەتتە.
قارىدىم ھەۋەستە
پىلتىڭلاپ ماڭغان بېلىقتەك قىزلار
چەكلەنگەن بېلىقچى، سۇسمان چىگرا.
قىرغاقتا ئۈچ ئەرۋاھ موخۇركا چېكەر،
بوۋاي جىمجىت سۇغا كۆز تىكەر،
قولىدا قارماق؛
قات ـ قات قۇرۇق، قاتمۇ قات قاسراق
ئۆزۈپ كېتەر بوۋاي بىر كۈنى.
ئىچمەكتىمىز ھەسرەتلىك سۈنى.
يېقىنلاشتىم
بېلىقنىڭ خۇش ھىدى تارقىلار جىم،
نەم ۋە سىلىق قاراڭغۇلۇقتا
ئېتىلىمىز يەمچۈككە.

## ئاق رەڭ قەسىدىسى

قارا شارقىراتما چۈشمەكتە
ئاستا ـ ئاستا،
كەچ بولدى ماماكاپ يېنىدا.

http://ilkitap.blogbus.com

تاشلار چوقۇلغان، سلىقلانغان
قاۋاقخانا تېمىدا
غەمكىن شولىلار.
بويالدۇق مۇزدەك بېلىق قېنىدا
ئۇپۇقىمىزدا ئويۇپ قالغان
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراملىقى.
تىرىلدۇرەر قاقشال ئەرلەرنى
ئۆلۈم بىلەن ئەمچەكنىڭ ھىدى.
مەسچىت گۈمبىزىدە
ئاي چىقتى،
يازدىم بۇ شېئىرنى ئاي شەكىللىك
قەغەزنى تارتماقتا ئوغلۇم كېلىپ.
بەزى رەڭلەرنى يۇتۇۋەتتۇق،
بەزى غەملەر ئۆيگە كەلگۈچە
بەزى تەملەر كېچە ئاغزىدا.
ئاغزىڭدا گۈل،
مەدھىيىلەيلى
ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى

# ئەگەر بىر قىز بولسا رەسىدە

ئەگەر بىر قىز بولسا رەسىدە،

ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا.

پەتىۋاسى باردۇر ھەدىستە

ئەسىر ۋاجىپ

يا ۋاجىپ ئەمەس.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا

بىر غۇنچىنى پۇۋلىدى ئاللا.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا

نېمە قىلسا قىلغاي قىز بالا،

ئاسمان شېخى چېچەكلەيدۇ لىق

چۈنكى بىر قىز بولدى چىرايلىق

**گۆھەرپۇرۇش ئەخمەت ھەمەدانىنىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى**

زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن باشلاندى،

بۇ ۋاقىت

قۇش بىلەن سۇلتانىنىڭ ۋاقتى

خۇشال ـ خۇرام شىكاردىن يانغان

سايەمنى كۆرۈپ ئىشىككە باقتى

بۇ شېئىردىكى ئەخمەت ھەمەدان.

ئۇ شۇنچە باي، مەمەدان

خروستال چىراغلارنىڭ ئاستىدا

قانات بېرەر ئەرەب قۇملىرى

ئېقىپ كېلەر نېفىت بىلەن زەر

ئۇ نېمىدەر باشقا قۇملۇقنى

تەكلىماكان قاقىندا پەر

سورىسام مەن يۇرتۇمنى ئەگەر.

...ئەگەر «مىلك بىر كېچە»دە بولسام

دېڭىز قاراقچىسى ۋە بوراندىن كېيىن

چىقىپ قالدىم يات بىر شەھەرگە.

بۇ ناماشام مەزگىلى ئىدى،

ئەتىر ھەم خورمىلىق باغلارنىڭ ھىدى؛

رەستىدە چىراغلار پورەك ـ پورەك.

ئاق كىيىملىك مەسچىتكە ماڭغان

قان لىباسلار قارا يالقۇندەك،

كۆردىكى ئەخمەت ھەمەدان،

غەم ـ غۇسسىگە چۆمگەن بىر غېرىب

ئەينەك ئىشىكتىن كەلدى كىرىپ...
جاۋاھىر بازىرىدىن قايتتىم ھېرىپ
بۇ شېئىرىمغا يۇلتۇز كۆپ چېكىت.

## بېلىق بازىرى

توڭلىتىلغان بوز بېلىق.
تىرىك بېلىق.
قاسىراقلىرى چاقنىغان بېلىق.
كۆزى ئوچۇق، ئاغزى ئاي بېلىق.
سېمىز بېلىق،
قىز بېلىق،
پىلتىڭلاپ، چايقىلىپ، نازىلىپ
بازارغا سالار ئىز بېلىق،
ھەي ئادەملەر، بىز بېلىق،
ئاھ خۇدا، بىز قانداق سۇدا؟
...
كۆيۈۋاتقان تىل
— ئەرەب شائىرى شەرىف س. ئەلمۇساغا

قۇملار ئاقماقتا

گۈل ياپرىقى قانات قاقماقتا

قىزلار جىممىدە ئېرىمەكتە،

كوچىدا

دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ياز،

تېنىمدە مەي بولغان ئۈزۈم

تىلىمدا شېئىر شەربىتى.

يۈگۈردۈم ئۈپۈقتىكى قېشىڭغا،

غوزەكتىن ئالدىراپ چىققان پېتى.

ھاۋا نىمدىپكەن ئىسسىق.

يىراق سەن

پوپايىكاڭنى كىيىپ

رەسىمگە چۈشتۈڭ،

ئاندىن مەن

224- بەتنى ئېچىپ

سىنى كۆردۈم.

شېئىرلىرىڭ ئۇسساتتى مېنى،

ئىچتىم تۈركچە قەھۋە.

دەملەپ بەردى دەپ سېنى...

قىزىڭ سۆزلەرنى ئوينىماقتا

توز قۇيرۇقنى ئوينىغاندەك.

ئادىل ساھىلدا ئويلىماقتا

ئايالىنىڭ ھەيكىلى دېڭىز بويىدا

مەشئەل تۇتۇپ ئويلىغاندەك.

... ...

ۋاشىنگتون-

يۇمشاق بېتون،

يەپ رەڭمۇ رەڭ ئادەملەرنى

بىر ئادەمدەك قويىدۇ ئاقلاپ.

پەخەس بول شائىر

ئەرەبلەرنىڭ ئاپئاق سۆڭىكى

ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرۇپتۇ چاقناپ.

ئەرەب تەمسىلى

«دۇنيادا قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا...»

قارا قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئايال

كېتىۋاتقان ئاق رەڭ جەزمەن ئەر،

ئابايى* ئىچىدە يۇلتۇزلار ۋە ئاي

قەدىمىي ئادەت، يېپيېڭى شەھەر.

قارا رەڭلەردىن نەمخۇش قىز پۇرار

ئاق لىباسلاردا ئەركەكلەر قۇرار...

چۆلدىكى تاشتەك،

كوچىلاردا ئاق بىلەن قارا

ئەنسىز زەرەت ئادەملەر ئارا،

يۆتكەلمەكتە شاھمات ئۇرۇقى...

جەننەت، دوزاخ چەك ۋە قىيامەت

يېقىنلاپ قالىمىز بارا - بارا

چۈنكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا.

-----------------------------------------------------------

*ئىزاھات : ئابايى – ئەرەب ئاياللىرى كىيىپ يۈرىدىغان قارا كىيىم.

## يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ

–شېئىر ئوقۇغان ئەرەب قىزىغا

كۆرمىدىم سېنى،

ئەرەب تىلى ئېچىلغان،

غۇنچىدەك لەۋلىرىڭنى.

ئاڭلىدىم شېئىرىڭنى،

ئايالىم سۆزلىگەچ

گۈرۈچ يۇيۇۋاتاتتى

سۇدا تاڭ ئاتتى

تاشتەك قاتتىق.

»ئەرلەر قېنى؟«

تاشتەك قاتتىق

تەگدى شېئىرىڭ.

قوللىرىمغا قارىدىم شۇئان

ئايالىنىڭكىدەك نازۇك يۇمشاق،

ئاتامنىڭكىدەك ئورغاق تۇتمىغان

بوۋامنىڭكىدەك تۇتمىغان ياراق.

يۇمشاق مەن

تۆمۈر بىلەن تاش ئارىسىدا

ھەتتا ئۆزۈمنىڭ قارشىسىدا

قورقىدەك،

تىترەيدەك،

قەغەزدەك.

ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا

يېشىل گۈگۈمدا چاقناپ ئەرلىكى،

بۇيۇك تۇيغۇلار قېنى مەندىكى؟

يارامدا جىق سۆكۈت ئىزى

خىتاب قىلار ئەرەب قىزى

ئەرلەر قېنى؟

ئەرلەر ھاۋادا تويا - چاڭدەك،

ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك

ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك.

ئەي ئايالالر تاشالپ قويۇڭالر

شىر تۇغۇلغان كىچىكە بىزنى،

ئەي ئايالالر سولىۋالماڭالر

پارقىرىغان شىشىگە بىزنى.

يۇلتۇزالرمۇ ئۆلىدۇ

ئوتتۇرى ئاق

چۆرىسى سارغۇچ

كۆك نۇر چېچىپ،

يۇپيۇمۇالق.

ئەرلەر ئۆلگەندە

رەڭسىز، يۇمشاق.

# كىتابخان

كىم سەن ئۆزۈڭ؟

سۈدەك يېقىن،تۈزدەك ناتونۇش.

مەن ئالدىڭدا سىرسىز يالىڭاچ،

ئارىمىزدا قورقۇش،قورۇنۇش،

كىتابىمنى بىسمىللا دەپ ئاچ.

خالىغانچە قىلايلى قىياس

چىراينى بىر-بىرىمىزنىڭ.

سۇ ئاستىدا ماڭغاندەك تىمتاس

دېڭىزدىكى بۇ كوچا بىزنىڭ.

كىتابخان،

شېئىرىمدا ئۆزگەن بېلىقسەن،

تۆندىكى چاچتەك گۈزەل،سىرلىقسەن.

ئوقۇساڭ گەر لوپا ئەينەكتە

قۇيرۇقلۇق مەن يا كۆپ قىرلىق مەن.

كىتابخان،

بوش لوڭقىدەك بوش ۋاقتىڭغا

http://ilkitap.blogbus.com

سال بىر تۇتام مۇشۇ گۈلۈمنى،
سوياپسەنمۇ مېنى پىيازدەك؟
سوراپسەنمۇ كۆككە كۈلۈمنى؟
تىغ ئىزى بار سۆكۈتلىرىمدە،
ۋاقىت قاقاچ تۇرغان يېرىمدە،
يەر ئاغزىدا سۆڭەكلىرىمىز،
ئېرىمەكتە تاشلار جىممىدە.

ئۇيغۇرنىڭ بۇ غېرىب شائىرى
ئىزدەيدۇ ئۆز كىتابخانىنى.

دەردمەن بولساڭ شېئىرىمنى ئال،
سېنىڭ دەردىڭ بولالماس ياماق.
ئوغرى بولساڭ،ئوقۇشتىن ئاۋۋال،
مەن كەپ قالدىم، قاچ پالاق-پالاق.
ئەگەر قاتىل بولساڭ كىتابخان،
چىقىرىپ قوي پۇخادىن مېنى.
مالال قىلما ئەي ئەزىز مېھمان،
جايىنامازدا بولسام مەن تېخى
ھالال ئايلىق شېئىرىمدىكى.
ئەمدى بىردەم ياپ كىتابىمنى
كەتكەن بولسا كۆزۈڭ ئېچىشىپ،

بىر قاشلىغۇم كەلدى مىڭنىمۇ،
ئېغىزمىنىم شېرىن قىچىشىپ.

ئەي كىتابخان سۆيىمەن سېنى
يامغۇردىكى قاقشال تېرەكتەك
دېرىزىسىز ئۆيدىكى نۇردەك،
قۇملۇقتىكى يېشىل ئۇيغۇردەك.
كېتىۋاتقان بولساڭ رەستىدە
مىغىلدىغان كىشىلەر ئارا،
مەن كەينىڭدە، كەينىڭگە قارا.
سەن ئەينەككە قارىغان بولساڭ
مەن بوش ئادەم ئەينەكتە تۇرغان،
بوشلۇقۇمغا تولدۇر ئۆزۈڭنى.
مەن بىر ئەما كىتابىمدىكى
ئەپقاچمىغىن زىنھار كۆزۈڭنى.

سۆيىمەن، ئەي ئايال كىتابخان
سېنىڭ ھەر خىل چاچ پاسونۇڭنى،
قارا رەڭلىك ھىجاپ ـ تونۇڭنى،
شېئىرىمنى ئوقۇغاندىكى
شۇرىلىشىڭ، نەپەسلىرىڭنى،
يىگىرمىگە توشمىغان بولساڭ

ئاھ تېخمۇ سۆيىمەن سېنى...

شېئىرىمدىكى خورما تۈۋىدە
ئەي يولۇچى سايىداۋاتقان،
بۇرا ئەمدى ئاتنىڭ بېشىنى
بۇلاق بۇلدۇقلىغان مىسراغا.

شېئىر بەلكىم دېڭىز بويىدا
ماڭغان تەنھا ئادەم ئاتنىڭ
تاشقا ئايلىنىپ بولغان پۇت ئىزى.

شېئىر تۈغۈلمىغان بوۋاقنىڭ
دېرىزىمىزدە تۇرغان يۇلتۇزى.
شېئىر-يۇلۇپ تاشلانغان بىر تىل،
شېئىر-قۇمدا ماڭغان كۆك توغراق،
شېئىر-ئۇچقان قۇشنىڭ يىلتىزى.
ئاھ، شېئىر،مەن يازغان شېئىرلار
تەكلىماكان قۇمى ئاستىدا
ئوچۇق تۇرغان تىلسىمات شەھەر،
مەن بۇ يەردە ئەرۋاھتەك يالغۇز
سەن قېنى،ئەي كىتابخانىم،كەل!

بىر تۈپ دەرەخنىڭ قەبرىسى نەدە؟

قۇرۇق ياغاچ راۋاب ئەمەسمۇ؟!

ئاق قەغەزدە مۇردىسىز قەبرەم

يوقلاپ قويساڭ ساۋاب ئەمەسمۇ؟

يۇلتۇزلارنىڭ گۆمبىزىدە بىز،

يەردىكى ئىز- بۇ ئۆچمەس خەلق.

ئەي شېئىرنى سۆيگەن ئىنسانلار

ئوقۇغۇچىلار بىز بولماستا غەرق...

***** ***** **** *****

كىم سەن ئۆزۈڭ؟

سۇدەك يېقىن، تۇزدەك ناتونۇش،

قويۇۋەتكىن مېنى، كىتابخان

مەن كىتابقا سولانغان بىر قۇش.

# چىرايلىق يىغلاش

ۋاقىت ، دۇنيا، قاناتلىق بىر قىز
ئۇچۇپ كەتتى قاۋاقخانىغا.

سۇنۇق كاسام سۇنغان سەنمۇ ،مەن ؟
شاراب قېنى ، مەن ئىچتىممۇ ، سەن ؟
ئاخشام باھار بولغان ئەمەسمۇ ،
كۆتكۆچى قىز چېچەكلىمەمسەن ؟!
ناخشا ماراپ تۇرغان ئاغزىمدىن
چۆشۈپ قالدى يانتۇ بىر ھەرىپ .
مايماق دەسسەپ كەتتى ئورمانغا ،
چىغىر يوللار بوپ قاپتۇ كەيىپ .
نېمە بولدى كۆلەڭگەم ساڭا،
تۇرىسەنغۇ ھىجىيىپ ماڭا ؟

خۇمارلىشىپ قاپتۇ يۇلتۇزلار ،
كېچە ئۇخلار مەستخۇش مۇلايىم .
سەن ئېسىمگە كېلسەن نېچۈن :
ئۇنتۇپ كەتمەك بولسام ھەردائىم ،
مەن زادىلا يىغلاپ باقمىغان ،
ئېھ، قانداقراق چىقار ئاۋازىم ؟

http://ilkitap.blogbus.com

ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا ..

ساق ۋاقتىمدا بارالمىغاچقا ،

مەن ئالدىڭغا كەلدىم مەست بولۇپ ،

كەچۈرمىنى قەدىردان ئەسكى ،

تۇرالمىدىم ئالدىڭدا دەسسەپ ،

دەرەخلەردەك قالدىم لەپەڭلەپ .

ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا ....

ساڭا سوۋغات ئېپ كېلەلمىدىم ،

ئېھ، بۇ نامرات كۆڭلۈمدىن باشقا .

بەختىمىزۇ يوق ساڭا بەرگۈدەك ،

ئېپ كەلگىنىم بىر دەستە سۆكۈت ،

دېيەلمەيمەن بىر مىنىلا كۈت .

تىمىپ چۈشتى يۈلتۇزنىڭ يېشى ،

بۇ ئاخىرقى كېلىشىم مىنىڭ ،

كەچۈر ، مىنى سۆيۈملۈك قىزچاق

ئېپ كەلگۈدەك نەرسەم بولمىغاچ

سوۋغات قىلدىم ساڭا شاپىلاق .

سەن قەيەردە ئەي پۈچۈق كاسام ،

يۇر ، كېتەيلى قاۋاقخانىغا .

ئىككىمىزمۇ سىردىشالمايمىز ،

مەستلىكىدىن يېشىلسە دۇنيا .

يۇر ، كېتەيلى قاۋاقخانىغا

# ئۈچىنچى ئايغا كىرىش

توختىمىغان تەنلەر،تېرەكلەر

ماي يوللاردا قاغىجىراش ئېگىز.

ئاستا ئۆنلەپ ئاقماقتا ئەگىز

لاي چۆشتىن كېيىن.

لاي چۆشتىن كېيىن

سۆزۈلمەكتىنىز مەنىسىزلىكتىن

بايقاپ قېلىپ بىر-بىرىمىزنى.

يېشىل قەبىلە ھېجىر تەشتەكتىن

چىقىپ كەلمەكتە،ئىقىپ كەلمەكتە.

بېيىجىڭ قوۋۇرغىسى تاش شەھەر،

يۇرۇماقتا ئۈچەي ـ باغرىمىز

يەردىۋتىسىنىڭ ئاغزىدا سەھەر.

http://ilkitap.blogbus.com

مەن نەم تۇپىغا ئامراق،

يېرىم كېچىدە مەن سېنى پۇراپ

ھۇزۇرلىنىمەن.

بالار لەگلىكىنى قويۇپ بەردى،

يىپىمىزنى تارتار غايىب قول،

ئۇچىنچى ئايغا ئالماقتىمىز يول.....

# بىر تەڭگە چۈشتى دومىلاپ

بىر دىرھەم چۈشتى جىرىڭلاپ

قولۇمدىن تاش پەلەمپەيگە ،

يوغىناپ ،يورغىلاپ ،جىمىرلاپ ...

قول بىلەن پۇل ئارىسىدا

بىر ھازا ،بىر ئۆمۈر ،بىر دەۋر

باشلىنىش ،ھاياجان ۋە سەۋر.

سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ،

لوندون پاي چېكى بازىرى ...

كىچىككىنە بىر ئالتۇن تەڭگە

قەدىمى يەتكەن ھەممە يەرگە

http://ilkitap.blogbus.com

شامالدەك يالتىراپ .

قوزغىلاي دېگەندە كېچىلىك پويىز

يەھۇدى سودىگەر چىقتى ئالدىراپ .

بىر تەڭگە غايىپتىن چۈشكەن تەڭگە

ئادەملەر كىرەر يولۋاس رەڭگە

ئېتىلىپ ،

تىتىلىپ ،

سېتىلىپ ،

پىشىپ يېتىلىپ ...

سىرلىق چاقناپ تۇرار مۇزېيدا

جەسەت ئاغزىدىكى ئالتۇن تەڭگە.

دۇپپۇلدەر يۈرەك ،

بىر تەڭگىنىڭ كەينىدە

رەڭمۇ رەڭ سۈرئەت.

# زاھىر بۇرھان شېئىرلىرى

## ئادەم ئىزلەش ئېلانى

يوقاپ كەتتى بۇ يەردە ئادەم
بىزنىڭ مەھەللە قالدى چۆلدىرەپ..
كوچىلاردا ساپلا ئېشەكلەر
سەت ۋاقىراپ يۈرەر يۈگۈرەپ

سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ
ئادەم ئىزلەش ئېلانى يازدىم
كوچىلارغا چاپلىماقچى بوپ
يولغا چىقتىم ئالدىراپ ماڭدىم

تۇيۇقسىزلا ئارقىمغا قاراپ
تەئەججۇپتا داڭ قېتىپ قالدىم
نەچچە يۈزمىڭ ئادەم سەپ بولۇپ
بىر بىرىگە يېقىن ئەپ بولۇپ
تۇرار ئىدى ھەر بىرى بىردىن
ئادەم ئىزلەش ئېلانى تۇتۇپ..................

http://ilkitap.blogbus.com

# قۇش

ھاياتىنىڭ بەك ئۈزۈن مەنزىلى ئارا
مەن كۆردۈم قاناتى سۇنغان بىر قۇشنى
ئاھ ئۇنىڭ شۇ دەرتلىك سايراشلىرىدىن
مەن كۆردۈم قان يىغلاپ ئۆلگەن قۇياشنى

كەل دىدىم ئەي مىنىڭ ناتىۋان قۇشۇم
مىنىڭمۇ تىلىمدا شۇ دەرتلىك ناخشا
سەن تىلسىز تۆكسەن ئاھۇ زارىڭنى
مىنىڭدە تىل بولغاش قالدىم قاماقتا

كەل مىنىڭ ئەي غېرىپ يىگانە قۇشۇم
مەن بىرەي تىلىمنى سەن بەرگىن قانات
شۇ ئەركىن كۆكلەردە قىلىپ بىر پەرۋاز
كېتەيمەن دۇنيادىن....سەن ياشا ھايات

# سەھنە ۋە جەھەننەم

ناخشا ئېيتقۇم يوق ئىدى ئەسلا
ساز چېلىش مەن ئۈچۈن ئىدى ھەۋەسلا
بىروۋنىڭ ئالدىدا ئويۇن كۆرسۈتۈش
مەن ئۈچۈن بىروۋغا ئىدى تىز چۆكۈش

تەغدىرنىڭ چاخچىغى بولار باشقىچە
شۇ كەسىپ چاپلاشتى ئۇندىن قاشقىچە
مانا مەن ناخشامنى ئېيتىپ يۈرۈيمەن
كىملەرنىڭ ئارقىدىن نىمە دەپ يۈرۈيمەن
دىگىنىم كىملەرنىڭ ئاۋازى بولدى
تارتقىنىم ھەم كىمنىڭ جۇۋازى بولدى
خىجىللىق قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ ھەردەم
شۇ...سەھنە..مەن ئۈچۈن بولدى جەھەننەم...

# سۆيگۈ ئىزلەيمەن

هاياتلىق يولىدا نىمە كۆرمۇدۇم
يوقالدى ئاياغىم ئاستىدا مەنزىل
بۇ ياشلىق پەيتىمدە كىمنى سۆيمۇدۇم
مۇھاببەت دەردىدە يىپشىم قىپ قىزىل
ئادەملەر سىلەردىن سۆيگۈ ئىزلەيمەن
پۇل ئەمەس شۆھرەت ئەمەس سۆيگۈ تىلەيمەن.

بولمىسا قەلبىمدە مۇھاببەت نەپرەت
مەن قانداق ياشالاي ئالەمدە مەغۇرۇر
ئىنسانلىق قەدىرىمنى ئىزلەي كىملەردىن
يوقالسا ئەگەردە مىنىڭدىن غۇرۇر
ئادەملەر سىلەردىن سۆيگۈ ئىزلەيمەن
پۇل ئەمەس شۆھرەت ئەمەس سۆيگۈ تىلەيمەن

بۇ شئىر زاھىر بورھاننىڭ 1999 ـ يىلى ئۈتكۈزگەن « ئۇنتۇلغان روھ» ناملىق ناخشا كېچىلىگىدىكى سويگۈ ئىزلەيمەن ناملىق ناخشىسىنىڭ تېكستى.

# كېلىڭلار

زاھىر بۇرھان

ھاياتلىق بەرمىدى بىر ماڭا كۆلپەت
ئەلەملىك يۈرەكلەر كۆپتۈر قېشىمدا
چۈشەنسەم ئىزلىگەن نەرسەمنى ئاقىۋەت
يوشۇرنۇپ يېتىپتۇ ئاققان يېشىمدا

كېلىڭلار ئەي ئۆلۈم كېلىڭلار تەغدىر
مىنىڭدە قالغىنى قۇرۇق بىر گەۋدە
چۈشەنگەن ھەممىنى كۆڭلۈم بىر زامان
بىلمەن ئىنساپ يوق ھامان سىلەردە....

ئاھ گەرچە ھەممىسى شۇنداق بولسىمۇ
گاھىيدا تولغۇنۇپ يىغلار بۇ تىنىم
مەن كۆرگەن كۈنلەرنىڭ قايسى بىرسىدە
بىردەملىك ھۇزۇرلۇقكە ئىرىشكەن قېنىم.........

كۆلكە كۆرسەڭ گەر بىرۋىنىڭ يۈزىدە

ئۈمۈت كۆرسەڭ ھەم چاقنىغان كۆزىدە

مەردۇ مەردان روھنى كۆرسەڭ ئۆزىدە

سەن ئۇنۇڭغا ھەۋەس بىلەن باقالامسەن

قوللىرىنى ئىشەنچ بىلەن سىقالامسەن

باشقىلارغا ئامەت كۈلۈپ باقىنىدا

لېكىن سىنىڭ كۆزۈڭدىن ياش ئاقىنىدا

ئالقىنىڭدىن بەخت تەلەي قاشقىنىدا

سۈرتۈۋتىپ يېشىڭنى تىك يۈرەلەمسەن

بەختىيارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈلەلەمسەن.

http://bbs.salkin.cn/ دىن ئېلىندى

http://ilkitap.blogbus.com

# دوستۇم

يوقتۇر مىنىڭ بىرمۇ چىن دوستۇم
دوسلۇق ئەرزان مۇشۇ ئالەمدە
پەقەت باردۇر بىر غەمخان يۈرەك
ماڭا مۇڭداش قەلىپ خانەمدە

مىنى تەنها ئەي ساراڭ دىمە
مىنىڭ ئۈچۈن ئارتۇق غەم يىمە
ئۆزەڭ ئۈچۈن يىغلا سەن ئەۋەل
ماڭا ئوخشاش تۆلەپ باق بەدەل
ئاندىن سىنى كۆرەي مەن
پىشانەڭگە سۆيەي مەن
سىنى چىن دوس دەپ بىلەي
سەن كۈلگەندە مەن كۈلەي
يوختۇر مىنىڭ بىرمۇ چىن دوستۇم
دوسلۇق ئەرزان مۇشۇ ئالەمدە........

# ئەي باللار

ئەي باللار كېلىڭلار تىز كېلىڭلار تىز
قولۇڭلاردا تال چىۋىقتىن ئات بارمۇ
مەن كېتەي سىلەر بىلەن ئوينىغىلى

بۇ دۇنيانىڭ دەردى كۆپ جەۋرى كۆپ
ئادەمدە نىمە ئۈچۈن سەۋرى كۆپ
مەن كېتەي سىلەر بىلەن ئوينىغىلى

ئەي باللار ئاكاڭلارنىڭ خىيالى تولا ئارمانى تولا
چوڭ بولدى ئىشمۇ تولا بەك گۈزەل چۈشمۇ تولا
مەن قالاي سىلەرگە كۆپ ھەۋەس قىلىپ

باللىقتا قايتقۇم بار قايتقۇم بار
قايتالمايمەن مىنىڭ قانچە ئامالىم بار
مەن قالاي سىلەرگە كۆپ ھەۋەس قىلىپ

# ئاقىۋەت

كۈلەلمىدى كۆپلىگەن ئادەم

كۈلگەنلەرگە ھەۋەس قىلىشىپ

كۈلگەنلەرمۇ كۈلەلمەس بولدى

بىر بىرىدىن خۇدۈك سىرىشىپ

قالدى ئەمدى كوچىلار تەنھا

ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ

بەختلەرمۇ كەتتى بۇ يەردىن

قالدى پەقەت تەغدىر تىركىشىپ.....

قالدى نۇرسىز ئۈمۈتسىز كۆزلەر............

قالدى سولغۇن غېرىپ چىرايلار.............

قەدەملىرى ئېغىر كىشىلەر

يۈرەكلىرى يېغىر كىشىلەر...............

# يەركەن كوچىسىدا

بىر قىز كۆردۈم يەركەن كوچىسىدا
جۇل جۇل كۆينەك ئۇنىڭ ئۇچىسىدا
يېشى تېخى ئون ئالتىدە بار
لېكىن ئۆزى يۇرەر خارۇ زار

ئۇ كۆتۈرۈپ كىچىك بوخچىسىنى
ئەسكە ئاپتۇ ئەشۇ ئۇرۇمچىنى
ئۇ ئويلاركەن ئۇرۇمچى جەننەت
قەدىرلىنىدۇ ئۇ يەردە مېهنەت

ئەي سەرگەندار قىز سەرگەندار ئوماق قىز
قالدۇردۇڭ يۇرەگىمدە جاراھەتلىك ئىز....

يەنە شۇ قىزنى كۆردۈم ئۇرۇمچى كوچىسىدا
جۇل جۇل كۆينەك يەنە ئۇچىسىدا
ئۇ كۆتۈرۈپ ئەشۇ زەئىپ تېنىنى
تىلەپ يۇرۇپتۇ بىر بۇردا نېنىنى...
كېچىلىرى دادا سۇپەتلەر قوينىدا
ئوماق قولى رەزگىلەرنىڭ بوينىدا.....................

ئەي سەرگەندان قىز سەرگەندان ئوماق قىز
قالدۇردۇڭ يۇرەگىمدە جاراھەتلىك ئىز....

# ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرى

## كەينىڭلاردىن ئەۋەتتىم قاراڭغۇلۇقنى

بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا

يىرتقۇچ ئىستەك قوشلىرىغا ئۇچراشتىن بۇرۇن،

زۇلمەتلىك مۇساپىلەر بورىنىدا

ئومۇر بويى خىيال سۇرگەنلەر!

ئەي، ئەجدادلىرىم...

مەندىن كېيىن ياشايدىغانلار!

ئەي، تۇن شاخلىرىدا ئېچىلغان

مۇۋە بەرمىگەن

چېچەكلەر!

ئەي، يۇزۇڭلارغا بۇرۇنقى زامان

نۇرلۇق تورىنى توقىغانلار!

مەڭگۈلۈكتە ئۈزىغان مەخپىي ئىشىكتەك

تىك تۇرغانلار!

پۇتلىرىڭلار قانىغان بوسۇق.

ئادرېسسىزمۇ

تاپشۇرۇۋالدىم يوللىغان رىسالەڭلارنى

ھەم سىلەرنى ئىزدەي دېگەن نىيەتتە

كەينىڭلاردىن ئەۋەتتىم قاراڭغۇلۇقنى.

# ئويلىنىش

1

بۇلۇت

دىۋانىمۇ كۆزلىرى كۆرمەس؟

ئۇنىڭ يالغۇز بالىسىمۇ

قولىدىن يېتىلەپ كەلگەن شامال؟

يوقمۇ ئېيتقۇدەك

گۈلدۈرمامىدىن باشقا ناخشىسى؟

توختىسا

بوسۇغىدا ھەر يۇرتنىڭ،

تۆكۈلىدۇ كۆز ياشلىرى

نېچۈن بۇ قەدەر؟

2

يوللار

نىچۈن تارتىدۇ قولۇمدىن،

ئاشكارلىماستىن ماڭا سىرىنى؟

يوقمۇ ماكانى ئۇيۇقتىن يىراق

مېنى ئېلىپ سەيلە قىلغۇدەك؟

http://ilkitap.blogbus.com

3

قانداق ئۆچمەنلىك ئۇ تۆگمەيدىغان

ئارىسىدا

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ؟

شەپەق

قۇربانلارنىڭ قېنىمۇ

جەڭ مەيدانىدا يېقىلغان؟

4

پوپىمدۇر خانتەڭرى؟

مۇنبىرىمۇ ئۇنىڭ ۋادىلار؟

كىرپىستىمۇ

تەۋرەپ تۇرغان بۇلۇتلار؟

سۈرلۈك ئاھاڭدا

ئوقۇيدۇ ۋاراقلاپ دېڭىزى،

چېركاۋىمۇ ئۇنىڭ كائىنات؟

5

قاچانغىچە، قاچاندىن بېرى

ۋەتەن قىلىپ كېلەر ئىدى تاڭ

خورازلارنىڭ بوغۇزىنى؟

6

ھەر قېتىم،

قۇچاقلاپ يەرنى ھەسەن ـ ھۈسەن،

كۈچەيدۇ ئۇنى كۆتۈرۈشكە.

نەگە ئېلىپ كەتمەكچىسەن؟

7

كېچە دېڭىزمۇ؟

ئاي ئالتۇنبېلىق؟

ھەر كۈنى

تۇتتۇۋېلىپ ئۇنى ئۇپۇق،

قويۇۋېتەر قايتىدىن.

8

زېرىكتىم...

يوقمۇ دېڭىزنىڭ

دولقۇنلاردىن باشقا سۆزلىرى؟

9

ئەسىرلەر بىرى،

كۆيۈك چۆللەر كۈتەمدۇ مەندىن:

ئېلىپ كەلسەم تۆت پەسلنى

بىرلەشتۈرۈپ؟

10

قاچانغىچە

سەرسان يۈرەر گۈل ۋە باشاق.

ئۇ بۇياقتا،

بۇ ئۇياقتا؟

# مىلك بىر كىچە

بەس شەھىرزات يىتەر چۆچىگىڭ،
كىتەي پۈتمەس ۋەھىمە ئىچىدىن.
قۇياش يانغان نۇرلۇق بىر كۈندۈز،
ئارتۇق ماڭا مىلك بىر كىچىدىن.
مىلك بىر كىچە،مىلك بىر كىچە.
مىلك بىر كىچە،مىلك بىر كىچە.

تىلسىم كىچە كۆزدە يوق ئۇيقۇ،
ئۆتمۈشۈمنى قالىمەن ئەسلەپ.
ئارزۇلايمەن مىلك بىر كۈندۈزنى،
چۆچەك لەردىن تەسەللى ئىزلەپ.

مىلك بىر كىچە،مىلك بىر كىچە.
مىلك بىر كىچە، مىلك بىر كىچە

# دېھقان بولماق تەس

( رۇزى سايىت )

شائىرمەن قىلمىغاچ يالغانغا ھەۋەس ،

سۆزلەيمەن ھەق گەپنى ، يالغاننى ئەمەس ،

بىر ئوت بار يالقۇنى قەلبىمدە پەۋەس ،

شۇ ئوتنىڭ ئۆرتىشى ئەتتى مىنى مە س ،

مەستلىكتە دەۋالاي ، لېكىن مەن پەخەس ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئالەمنىڭ ئابادى دېھقان تەرىدىن ،

چۆللەرنىڭ گۈللىشى ئۇنىڭ بەھرىدىن ،

ئۇ باقار شەھەرنى ، كىچىپ مەرىدىن ،

ئۇنىڭ يوق تاماسى ،تاختا-پەرىدىن ،

پەرقى يوق تۆھپىدە ھەسەل ھەرىدىن ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ مۆمىن ، بەك يۇۋاش ،سادداـ مۇلايىم ،

بوشماس ئالقىنى كەتمەندىن دائىم ،

دەر: ئىشلەي بولسا ساق يەتتە ئەزايىم ،

تەقدىردە : ئېتىزدىن ئىلىنمىشلايىم ،

رىسقىمنى، ئەجرىمنى بەرسۇن خۇدايىم ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

پاراغەت دىلبىرى ئاچقىچە قۇيۇن ،

تۆت پەسىل توختىماي كۆرستەر ئۇيۇن ،

قىشتا سوۇغ ، يازدا ئۇپ ،باھاردا قۇيۇن ،

گاھ كەلكۇن،گاھ تۇمۇ قىسقۇزار بۇيۇن ،

دەر قىسمەت : جاپاغا خام كىكىر- تۇيۇن ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

قاراشلىق كارا بار ئۇنىڭ بېشىغا ،

يۇگرەيدۇ ئۆستەڭگە - دامبا قېشىغا،

ۋاقتىنىڭ ئاشقىنى ئېتىز ئىشىغا،

قورۇقلار ماس كەلمەس ھەرگىز يېشىغا،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ- ئۆكۇز تىنىمسىز تارتىدۇ ساپان ،

شاكراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ چاپان ،

كۆيۇدۇ چۇققىسى ، كۆيۇدۇ تاپان ،

چاك-چاك يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان ،

ئەمما ئۇ ۋايجانلاپ كۆتەرمەس چوقان ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

تېرىمنىڭ كەيندىن مايسا پەرۋىشى ،
هە ـ دىمەي بۇلدۇ يىغىم تەۋرىشى ،
ئېتىزدىن بوشسا ئۆيىنىڭ تەشۋىشى ،
ئىشەكنىڭ هاڭرىشى ، قوينىڭ مەرىشى ،
يىل بۇيى ئۆكسمەي پىشىپ تەرلىشى
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

كىتمەن دەۋاتقان ئوسنىڭ نىمى ،
مىنى تاپ دەۋاتقان ئوغۇتنىڭ كېمى ،
ئۇششۇيمەن دەۋاتقان قوناقنىڭ خېمى ،
تۇرسا سىرت ئالۋىڭى ، ئۆزىنىڭ غىمى ،
تالجىقسا ـ هېرىقسا كېسىلىپ دېمى ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

كېلىدۇ بايراملار ئايەمگە تۇتاش ،
دىھقاننىڭ بايرىمى ئوتاش ھەم پۇتاش ،
ئوي ـ پىكرى ھېيت ئەمەس ھوسۇلنى بوداش،
ئايەم شۇ قازناقتا كىرسە كۆپرەك ئاش ،
مەشرىپى ـ ماتېمى خاماندا ئاداش ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ئۇ ئەمەس ئۈنۋاندار تەلەيلىك كىشى ،

توشمايدۇ بىر ئۆمۈر پىنسىيە يېشى ،

يوق تۆمۈر تاۋاقتا ئۆزۈلمەس ئېشى ،

يوق مائاش ـ دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشى ،

ئايدا ساق ئۇتتۇزكۈن ئىشلەر يازـ قىشى ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

چوڭ ـ كىچىك شىنچىلەر يۈقلىماس ئۇنى ،

تەنجىيامۇ شۈيجىيامۇ ياقلىماس ئۇنى ،

كانىكول تەتىللەر ساقلىماس ئۇنى ،

يوقلايدۇ ، ساقلايدۇ جاپا خاس ئۇنى ،

شۇ خاسلىق باغاشلاپ سۆيەر راس ئۇنى ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۈستى باش ،

ئۇ چەشلەپ يىغقان دان بىزنىڭ يىگەن ئاش ،

ھەم شۇنىڭ تەخسىگە چىققان گۆش ـ ئوتياش ،

ئۇباققان پىلىدىن بىزنىڭ يوتقان تاش ،

ئۇ بولغاچ مەرت ھاتەم بىز مۇشۇنداق شاش ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

http://ilkitap.blogbus.com

مەن ،سەن ، ئۇ سەھرالىق يېزىدىن ئەسلى ،

دىمەك بىز ئەسلىدىن دىھقاننىڭ نەسلى ،

نىسلىدىن ياتلاشقان كۆرمەس بەخت پەسلى ،

قەدرىنى بىلگەنگە ئۇ ئىللىق يەسلى ،

يەسلىگە سۆزمىسۇن قول ، ئاياز پەسلى ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

بەزىلەر دىھقاننى ساغار كالىدەك ،

ساغقانچە بىلمەر سۈتى چالىدەك ،

ئۆزىلا ئاق ،دىھقان كۆڭلى ئالىدەك ،

مۈڭلانسا تۈيىلار تۆھمەت ـ يالىدەك ،

رىسقىغا چاڭ سالار ئۆگەي بالىدەك ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

بەزىلەر كەتتىغۇ ئەجەپ سوللىشىپ ،

ھىلىسى يىلىسرى باردى موللىشىپ ،

سەھنىدە تۆزىشىپ توختام قوللىشىپ ،

"قاتلىنىپ ئاشتى" دەپ دوكلات يوللىشىپ

مۈكاپات ئېلىشتى تۆرنى گوللىشىپ ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ئەللىك كۈن تۈرۈقلۇق تۆھپە ئەمگىكى ،

يىل بۇيى ئىشلەتتى ھاشار بەگلىكى ،

رەت قىلسا تۆلەم بار ، قالتىس دەللىكى ،

ئەرز قىلسا چاقۇندا قالار پەللىكى ،

دېھقانغا مۇشۇنداق ياشاش تەڭلىكى

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۆزىلەي دېگەندە ماغدۇر يىلىگى ،

يۇقۇرغا ئاڭلىنار ئەرز- تىلىگى ،

ھال سۇراپ كىلىشەر خىزمەت ئۈمىگى ،

يىتەمدۇ يىلغا دەپ ئوزۇق - يىمىگى ،

بارى بار نەھاجەت ،ئۇ-بۇ دىمىگى ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

دېھقان دەر تەكشۈرۈپ كەلگەن ئۈمەككە ،

ئوخشايدۇ ھالىمىز ئەتىسىز مۈنەككە ،

بىز گويا قارچۇغا ؛ چۈشكەن تۈنەككە ،

مۇھتاج بىز يورۇقتا ،بىر يار - يۆلەككە ،

دىمەيمىز بۇگەپنى سىزدىن بۆلەككە ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

http://ilkitap.blogbus.com

ساق تۇرۇپ ئىككى قول ـ ئىككى پۇتىمىز ،

دەپ تۇرۇپ پايدىلىق پەيتنى تۇتىمىز ،

تۇتقانچە بوشىشىپ ھەسرەت يۇتىمىز ،

كىملەرنىڭ پەيلىدىن نابۇت پۇتىمىز ،

قاچانمۇ ئۇتتۇلماي ، يېڭىپ ئۇتىمىز ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

جەدىۋەللەر ئاشتىغا يوللايدۇ سانىنى ،

ئالىدۇ سۈپۈرۈپ ئاخىرقى دانىنى ،

ئالدايدۇ دۆلەتنى ، سىلىپ زىيانىنى ،

پوچىلىق ، نوچىلىق ، قىينايدۇ جاننى ،

جەرىمان توختىماي كولايدۇ ياننى ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

يۇرت ـ يۇرتتىن تەڭلەيدۇ ، كۆڭلەك ،چاپان ـكەش،

ھەشقاللا ئېيتىمىز بولسىمۇ نىمكەش ،

بىزشۇنداق تىلەمچى ، گاداي كۆڭلى غەش ،

قىززىق ئىش يەر مۇنبەت ، ھەر خاماندا چەش ،

بىلمىدۇق كىم جەمشت، كىملەر لەيلىۋەش ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

كۆردۈڭلار ھالىمىز شۇقەدەر ناچار ،

قازناقلار قۇپ ـ قۇرۇق ،چاشقانىمۇ قاچار ،

يەي دىسە تۈگىدى ، يىمىسە ئاچار ،

بىز نىچۈن بۇپ قالدۇق بۇ ھالغا دۇچار ،

كەتسەڭلار " چاقتىك " دەپ قەھرىنى چاچار ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ئوغۇتمۇ پۇل دەيدۇ ، يالتىراقمۇ ھەم ،

تۈگمەنمۇ پۇل دەيدۇ ، جىنچىراقمۇ ھەم ،

پۇل دەيدۇ تاغارمۇ ، تۇقناقمۇ ھەم ،

پۇل دەيدۇ يولدىكى بوغناقمۇ ھەم ،

پۇل قېنى ؟ پۇل نەدە؟ غەم ئۈستىگە غەم ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

دىسىمۇ مەركەزدىن باي بولسۇن دىھقان ،

كىمگىدۇر ياقمىغاچ دىھقانغا ياققان ،

ھەددىدىن ئاشماقتا " ئۈچ قالايمىقان "،

بەس! ئەمدى كۈتەرمەي بولمايدۇ چوقان !!!!!،

چاچمىغىن سىلىقكەش ، يۈز- كۆزگە قۇقان ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

دېھقاننىڭ بەختىگە سانىما قارا ،

دېھقاننىڭ قەلبىنى ئەيلىمە يارا ،

دېھقاننىڭ يولىغا قازمىغىن ئورا ،

كىم دېدى "دېھقاننىڭ قىننى شورا " ؟

دېھقاننىڭ بېشىنى سىلا ! ھال سورا !!!!

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

دېھقانمۇ ياشىسۇن ، كۈلسۇن ،يايرىسۇن !!!،

دېھقانمۇ جاراڭلىق ئۈندە سايرىسۇن ،

دېھقانمۇ كۆكلىسۇن ، ئۆسسۇن ـ ئاينىسۇن !،

قازىنى ماي كۆرسۇن ، پات ـ پات قاينىسۇن ،

ئۇ....ھ ! دېسۇن ،ھېيت ـ بايرام مەشرەپ ئوينىسۇن ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

سەن بىزدەك گەدىنى قاتقان نەدە بار ؟

مۇشۇ يەپ شاخقا تىغ چاپقان نەدە بار؟

تۇز بەرگەن تۇزلۇقنى چاقىقان نەدە بار ؟

دېھقاندەك ئەل ـ يۇرتنى باققان نەدە بار ؟

ئېيتمىساق بولمايدۇ ئۇنىڭ دەردى بار ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

شائىرمەن دېھقانىنىڭ باغرىدا ئۆسكەن ،

شائىرمەن ئۇ بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن ،

شائىرمەن ئۇنىڭ ئاش تاغرىدا ئۆسكەن ،

شائىرمەن توي كۆرگەن ناغرىدا ئۆسكەن ،

يالغاننى يازماقتىن راست سۆزلەش تەسكەن ،

تەس دىسە ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس .

http://ilkitap.blogbus.com

# تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس

مۇقەددىمە

بۇ دۇنيا دېھقانسز ئالمايدۇ نەپەس،
دېھقانغا كائىنات قىلاركەن ھەۋەس،
ھاقارات ياغسمۇ دەيدۇ بولدى بەس،
تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

كائىنات دېھقاندىن تۆرەلگەن نوتا،
قاپارغان قوللاردىن شاخلىغان ھايات.
تۇغۇلغان تەرىدىن بىزگە مەۋجۇتلۇق،
خۇدامۇ ئەلگ بۇرۇن ئۇنغا قويغان ئات.

<1>

ھاياتنىڭ تۆت پەسلى ئېتىزدا ئۆتەر،
پىژغىرىم بىر ئۇنى يالغۇزلا كۈتەر،
جاپاغا مىلىنىپ دۇنيادىن كىتەر،
تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

http://ilkitap.blogbus.com

ئېتىزنىڭ دەردىدە ئۆيقۇدىن كېچەر،

مول-ھۇسۇل ئىشقىدا ئېتىزدا تۈنەر،

ھالاللاپ پۇل تېپىپ ھالاللىق ئۆتەر،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

كۆپ ئىنسان دوست بولماي قاچقاندا قورقۇپ،

جاپاغا قول سۇندى ئۇ بىرىنجى بولۇپ،

مائاش ۋە دەم ئېلىش تەمە قىلمىدى،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

<2>

شەھەردە يۈرسەڭ كېرىلىپ بىكار،

تۈقۇزۇڭ تەل بولۇپ تىزىلغاچ قاتار،

بىلمەيسەن شۇ نېئمەت نەلەردىن چىقار،

بىر جاۋاب دېھقاننىڭ تەرى ھەممىسى.

كۈلسەڭ مېيىڭدا ئەسلىگنى بىلمەي،

مەنسىتمەي ئالدىڭدا دېھقاننى كۆرسەڭ.

مەرتىۋەڭ بارىسقا يەتسىمۇ سىنىڭ،

ئەجدادىڭ دېھقاندىن تۆرەلگەن بىلسەڭ.

كۆرەڭلەپ سەھرالىق ئەمەسمەن دىمە،

دېھقاننىڭ پۇشتى سەن ئايدابولساڭمۇ؟

دېھقاننىڭ قولىدا تەقدىرىڭ سىنىڭ،

دېھقانلار جىم ياتسا قۇرساق كۆلەرمۇ؟

شۇ دېھقان بولغاچقا غەملىرىڭ يوقتۇر،

كۆڭلىرىڭ خىرامان كۆڭلۈڭمۇ توقتۇر،

شۇ دېھقان بولمىسا كۈن قانداق ئۆتۈر،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

<3>

دۇنيانى گۈل قىلغان تەڭرىمۇ دېھقان،

ئىنسانغا نان بەرگەن كىشىمۇ دېھقان،

جاپانىڭ كەينىدىن كۈلگەنمۇ دېھقان،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

چۆل-جەزىر،تاغلارنى كۆكەرتكەنمۇ ئۇ،

مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاققانمۇ بىر ئۇ،

جاپانى قوغلۇشۇپ تۇتقانمۇ ھەم ئۇ،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

ئاچقۇسىز جاپانى ئەقلىدە ئاچقان ،

تۈگۈنگە ئىچكىرلەپ غەلبىنى قۇچقان،

خەلقنىڭ غېمىدە ئوتتا ياشىغان،

تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

http://ilkitap.blogbus.com

تەر تۆكۈپ چۆل-جەزىرنى قىلدۇ باغ،
ھەتتاكى ئىززەتلەر ئۈنى تەڭرىتاغ،
جاپامۇ باش ئەگەر كۆرسە مۇشۇ چاغ،
تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

كائىنات ئۆچۈن ئۇ ئىككىنجى خۇدا،
كائىنات ئۆچۈن ئۇ ياشايدۇ ئوتتا.
كائىنات ئۆچۈن ھەم ھۇزۇردىن كىچىپ،
كائىنات ئۆچۈنلا تۆكىدۇ قانلار.

<4>

سەن قوغلاپ يۈرگەندە يايرىڭنى كۈنى،
يىتەلمەي ياش تۆكۈپ يىغلىغان تۈنى.
ۋە لېكىن شۇ دېھقان جاپانى قوغلاپ،
ھەسرەتتە قالسىمۇ تۇتتى ئاخىرى.

ئۇ شۇنداق بەستىلىك،ئۈمىدلىك ئىنسان،
ئۈمىدى ئارقىلىق ئايىندى جاھان،
تەمەننا يىراقتۇر شۇندىنمۇ ئۇندىن،
تەس دىسە دۇنيادا دېھقان بولماق تەس.

پۈتىرىلى قاپىرىپ قىتىپ كەتسمۇ؟

يۈزىنى قورۇقلار بېسىپ كەتسمۇ؟

دېھقانلىق بۈرچىدىن تانمىدى ھەيھات،

قەلبىدىن تاراملاپ قانلار ئاقسمۇ؟

ئەي دېھقان ئەجرىڭگە قايىل كائىنات،

سەن بىلەن شادلىنار،جاللىنار ھايات،

مۇبادا سەن بىزدىن كەتسەڭ يىراقلاپ،

بىلىنەر بۇ ھايات ھەممىزگە يات.

سىنىڭسىز بۇ دۇنيا تۇرالمايدۇ دەس،

سىنىڭسىز بۇ ھايات ئالمايدۇ نەپەس،

مېنەتتىن خالىيدۇر،خالىيدۇر روھىڭ،

تەس دىسە دۇنيادا سەندەك بولماق تەس.

خاتىمە

مائاش ۋە دەم ئېلىش بولمىسا ئەگەر،

كىم-كىملەر كۆچىدۇ تۇپرىقى ئۆچۈن!

ئاھانەت،ھۆرمەتتە يەكلەنسە دائىم،

كىم-كىملەر ياشايدۇ دېھقاندەك پۈتۈن.

http://ilkitap.blogbus.com

# شۇ قەدەر ئېغىر سۈنىڭ ئاۋازى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

شامال، قۇشقاچ ۋە ئورتاق تىل

شامال

ئورتاق بىر تىل

چۈشىنىمىز

كۆرسەك ئۇنى ھەممە يەردە؛

لىڭشىيدىكەن دەرەخلەر

تولغىنىدىكەن ئاپئاق پەردىلەر

شۇىرلايدىكەن يوپۇرماقلار

بىزنىڭ قەشقەردە

ھەتتا، ياپونىيىدە.

كانازاۋا* شاماللىرى

سۆزلەيدىكەن ماڭا يەنىلا

ناۋايىدەك شاھانە تىلدا

روزى سايىتتەك سەھرا تىلدا.

شامال چىقسا بىزنىڭ خوتەندە

قولىيازمىنىڭ ھىدى كېلىدۇ

http://ilkitap.blogbus.com

كوھمارىمدا ئاشىق ـ مەشۇقلار
ۋەدىسىنى قۇمغا يازىدۇ
توكيو ئاسمىنىدا ئېلېكترون ھەرپ
كىسلاتالىق يامغۇرغا
ئايلىنىدۇ چاقماقلار بىلەن
كونۇپكا تاختىسىدا كومپيۇتېرنىڭ
چۆكمەكتە قۇش ئۆرلىگەن شۆلگەيلەر.
ماشىنا توختىتىش مەيدانى
بىزنىڭ ياتاق كەيندە؛
پىژغىرىم ئاپتاپتا قايتۇرغان نۇرى
قورىماقتا يۈرەكلىرىمنى،
بالكونىمدا داتلاشمايدىغان تۆمۈر رىشاتكا
پارقىراپ تۇرسا ئاپتاپتا
قارىچۇقلىرىم سەكرەپ كېتەر قوقاستا.

ياپونىيە ئادەملىرى
قىمىرلىغان ئىنتىزام
ئەينەكتىكى زەررىچىلەردەك
مۇھەببەت
ئاگا نېپىز يالىتىلغان شاكىلات
بىز ئۇيغۇرلار
تاسادىپىي يامغۇر

ھەتتا قىشتىمۇ يېغىپ قويىمىز.

ھەممە پەسىل، ھەممە ئىقلىمنى

بىرلا رەڭدە سىزىپ قويىمىز.

باشقىلارنى ئىشلەپ سۆيىمىز

ئۆزىمىزنى چىشلەپ سۆيىمىز

رازىمەن

قانسىراپ تۇرۇپ سۆيۈلۈشكە

قىيامەتتە ئۈيغۇر پېتىم كۆرۈنۈشكە.

مۇمكىن بولسا ئەگەر

يۈرتۈمنىڭ بىر دەقىقىسىنى

قامراپ ئېلىپ نەپىسىم بىلەن

پۈۋلەپ ئۆنى بار ئىشقىم بىلەن

يەر شارىدەك چوڭايتقۇم بار

ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ ئالدىدا

ئانامنى ئولتۇرغۇزۇپ ئالتۇن تەختتە

پەرزەنتىمنى قۇچاقلىرىدا

راسا كۈلدۇرۇپ ئويناتقۇم بار.

ھەي...

بۇ يەنىلا بىر رىۋايەت.

پۇل دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز

رىۋايەتنىڭ سۇلالىسىنى.

تاشلىمدۇق ئالقۇنغا تولغان

قانائەتنىڭ پىيالىسىنى.

ئەجەب سۆيۈملۈك بوپ كەتتى شۇتاپ

دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئاچچىق موخۇركىسى

ئۆپكەمگە كەتسىمۇ

قىنىپ - قىنىپ شورىۋالغۇم بار.

ئەسلىدە بەڭگىگىمۇ ئەمەس ئىدىم مەن،

لېكىن ۋۇجۇدۇمدا شېئىرنىڭ قېنى

بارچە قېلىپلاردىن چىقىپ بېقىشقا

تۈرۈپ - تۈرۈپ ئۈندەيدۇ مېنى.

ھاۋاچى تۈرۈبىسىنى كىرگۈزىدىغان

بىر تۆشۈك بار بىز تۇرغان ئۆيدە

ئاق قۇشقاچلار باقىدۇ باللىرىنى

مايسىلارنى توشۇپ يىراق - يىراقتىن

تىزىدۇ ئاۋايلاپ چاڭگىلىرىنى.

تۈندە تىپىرلىشىپ، تورۇكلىشىدۇ

سەھەر سوكۇتىدە چۇرۇقلىشىدۇ.

ئۇچۇرما بولغاندا قۇشقاچ باللىرى

مۇراسىم قىلدى قۇشقاچ جامائەتلىرى

ھەربىر پەرۋاز

ھەربىر سىناقتا

جانلىنار مەھەللىنىڭ ساماۋاتلىرى.

شۇ چاغدا

نىمىندۇر ئويلاپ كېتىمەن

چېكىنى تاپاي دەپ خىياللىرىمنىڭ

مۈنچىغا تۈغما بولۇپ كىرىپ كېتىمەن.

قۇش كۆكسىگە ئوخشايدۇ مۈنچا

ئېرىپ كېتەر دۇنيانىڭ جىنايەتلىرى

تىكەنلىك سىملاردا قاشالانغان

تەلمات، ئوتوپىيە ئىمارەتلىرى.

«قولۇمنى قولۇمغا ئۇردۇم.

ئەكس سادا يەتكەن جايدا

خىرە يېنىپ تۇرار ئاي»**

مۈنچىنىڭ تېمىدا ھورلانغان ئەينەك،

ئېلىپ كەتكەن ئۇزاقتا

ساكۇرا گۈلىنىڭ شۇبىرلىشىنى.

يېتىپ باردىم ئۇنى قوغلاپ

كۆيگەن خاتىرەمنىڭ كۆلى ئىچىدىن

تالڭ ئۆرلەپ

ئۆزىگە ئىزدىمەكتە جاي.

كىتابلاردا

بىلىمسىزلىك مىكروبلىرى

پەيلاسوپلارنىڭ جاۋغايلىرىدا

ئاخىرەتنىڭ قۇرتلىرى

ئېۋەنسىز ئاسمىندا تاغ چوققىسىنىڭ

تارىخنىڭ خوراپى بولۇتلىرى.

كەل، جەملە***

مېۋە شۇنچە قىممەت ئىكەن.

بىر يۈتۈم قوي ئالما سۈيىدىن،

قوشۇۋەتكىن ئۈنىڭغا ئازراق،

تومۇرۇڭنىڭ ھارارىتىدىن

بىردەم بولسىمۇ

تىل ھەققىدە سۆزلەشمەيلى

پەلسەپە كىتابلىرىنى يېپىپ قويايلى؛

ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ كېتەر بۇ دۇنيا

يوقسۇزلۇققا باشلاپ بارار ئۇ گويا

چىقىپ كەتسۇن تۇتۇندەك مېڭىپ

ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىپ قويايلى.

شامال

ئورتاق بىر تىل

ھەرقانداق چۈشەنسەك بولىدۇ ئۇنى،

كەتمەن بىلەن كومپيۇتېر ئارىلىقىدا

جۇدىمەكتە بۇلبۇلنىڭ ئۈنى.

شەھەر ھوشسىز

نۇر ئالىقىنىدا

قالدۇق چۈشىنىكسىزلىك ھەممىسى ئۇنىڭ

تىلىنىڭ مۇددىئاسى سۇكۇتتۇر ئاخىر

توختاپ قالايلى مۇشۇ يەردە

نېمە بولاركىن ئاخىرىدا.

قۇم كۆلچىكى

ياتىقىم كەينىدە قۇم كۆلچىكى

باللار ئويناش ئۈچۈن كېلىپ تۇرار.

يوقالغان بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك

مۇلايىم قۇم تېگىنى قېزىپ تۇرار.

ياتىقىم كەينىدە قۇم كۆلچىكى

قارايمەن كىتاب ئوقۇپ تېلىققاندا.

قۇم مېنىڭ بولۇپ قالار سىرداشلىرىم

ئاقار سۆز ئارىسىدا ئېزىققاندا.

ياتىقىم كەينىدە قۇم كۆلچىكى،

چىڭقى چوڭش ئاپتىپىدا قىزىپ تۇرار.

يۈرتۈمنىڭ سەھراسىنى خىيال قىلىپ

سىقىلغان يۈرىكىمنى سىزىپ تۇرار.

ياتىقىم كەينىدە قۇم كۆلچىكى

چوڭش كۆرەر باللارنىڭ ئالقىنىدا.

دېڭىزغا بېرىپ كېلەر بىز كۆرمەستە

ئولتۇرۇپ سۆبھىلەرنىڭ سالقىنىدا

# ئادەم بولماق تەس

مۆمىنجان ئابدۇۋايىت ئەرتىل

ئۆڭمە ھەركىم ھەرنېمە دەپ كۆرىدۇ
ئۇلۇ ئىشنى ئۆزىچە «چەپ» كۆرىدۇ
ئەگرى ماڭ،تۈز ماڭ ئويۇن زەپ كۆرىدۇ
سىنى ئوقۇتماقنى باب-ئەپ كۆرىدۇ
سىلكىسەڭ، رەنجىيدۇ دەپ:«خەپ» كۆرىدۇ

گۈل ئىرۇر سائىلمۇ جىق بەرسەڭ ئەگەر
دەر:«بىخىل» يەردىن باشاقنى تەرسەڭ ئەگەر
تاشبورانسەن مەيدىنى كەرسەڭ ئەگەر
«تۈلكە!» دەر كەمتەر بولۇپ يۈرسەڭ ئەگەر
«مەن ئۆزۈم قانداق؟»نى بىئەپ كۆرىدۇ

مەسلىھەت بەرمەككە كەلگەي ئات چېپىپ
سەمرىسەڭ،ئورۇقنى سەنچۈن ئۈلگە قىپ
سۈيىنى دەريا كۆڭۈلنىڭ ئىچىتىپ
ئوتقا ياغ ياكى يېغىرغا تۇز سېپىپ
«تۈز» كۆڭۈل-قەلبىنى بىزەپ كۆرىدۇ

دەيدۇ«يۈزسىزا!» شىلتىساڭ ھەق خەنجىرى
قىل سۈكۈت،كۆرشاھ قۇمۇشنىڭ شىلدىرى
ئۇلۇ-سولدا نەخ نىگاھلار نەشتىرى
كۆرستىپ سەنچۈن «ئەقىدە» چەمبىرى
مۈجمەل خائىشقا ئۈندەپ كۆرىدۇ

ئوينىساڭ-كۈلسەڭ پۈتى پاتقاقتا دەر
سەللە ئورا،مەقستى قۇيماقتا دەر
بىيىساڭ،كۈللى ھارام يۇتماقتا دەر
قىسقا قول بولساڭ،تىلەپ سۇنماقتا...دەر

بىر باھا بەرمەكنى چوڭ گەپ كۆرىدۇ

كۆكتە ئاي بولساڭ،دېڭىزدا چۆچەك بولۇر
تون گۈلۈڭگە بىر تىكەن دەستەك بولۇر
كۆڭلىدە پاكىزلىقىڭغا شەك بولۇر
دەتالاشتا ئىچ سىرىڭ يەشمەك بولۇر
كۈلمە،ئۇ بۇندىن ئېسىل نەپ كۆرىدۇ

تاۋلىماق مۈشكۈل تۆمۈردىن گاڭ پولات
مىسنى زەر قىلماق ئەمەس ئاددى ساۋات
ۋەزنى بار ئادەم بولۇش تەس،ئىتما داد
ئادىمىيلىك كوزىرىڭنى قىل پارات
ھەممىنى ئەل رايى ئۆلچەپ كۆرىدۇ.

# چىن تۆمۈر باتۇر

غەنىزات ئۇيغۇر

چاقنايدۇ چوغ

سوغۇق كېچىدە...!

.............................

مىسران قىلىچ قولىدا تەنها

ئولتۇرىدۇ چىن تۆمۈر باتۇر

جىمجىتلىقنى ئورمان ئىچىدە.

خىيالىدا مەسۇم سىڭلىسى-

(ئالما يۇراپ كەپە ئىچىدە ،

ئاكىسىنى سېغىنغان كۆيدەك)

مەختۇمسۇلا ئولتۇرار يالغۇز

ئوچاقتىكى قوقاسنى پۈۋلەپ ،

سېسىق يۇراپ كۆيىدۇ تېزەك.

ئۇ

ئاسمىسىمۇ بوينىغا مارجان ،

ساھىبجامال ئىدى پەرىدەك.

چاچ تارايتتى ئېرىق بويىدا ،

ئېقىن سۇدا كۆرۈپ ئەكسىنى ،

(نېمە قىلسۇن ئۇ چاغدا ئەينەك ؟!)

ئېقىن سۇغا چۈشكەن سۇمبۇل چاچ

بولۇپ پىلتا قارا قىسمەتكە

سۇ يۈزىدە ئاقار يىلاندەك....

سۇمبۇل چاچقا باغلانغان قارام-

مانجۇ شاھزادىسى بولۇپ پايپېتەك

لەشكەر تارتىپ بىچارە جاننى

ئەل قىلماقنى ئىستەيدۇ تېزرەك.

شىكار قىلىپ يانغان چىن تۆمۈر

سىڭلىسىنى تاپالماي ئۆيدىن

تولغىنىدۇ قىلىچ بىسىدا.

سىڭلىسىنى مانجۇ قولدىن

قۇتقازماقنى ئويلاپ كۈنۈ -تۈن ،

ئولتۇرىدۇ ئوچاق قېشىدا.

كۆزلىرىدە ئويغانغان ئالەم ،

ياۋ كۆزىگە سانجىلار مىختەك.

كۆزنۈرلىرى تۈگەيدۇ ئېقىپ

(قېرىنداشلىق ئوتى - پىراقى)

ياش ئاقتۇزۇپ كۆزىدىن سەلدەك )

چاقنايدۇ چوغ

سوغۇق كېچىدە...!

مىسران قىلىچ قولىدا تەنھا

ئولتۇرىدۇ چىن تۆمۈر باتۇر

جىمجىتتىقنا ئورمان ئىچىدە......

1994-يىل ، يانۋار

قەشقەر

# توۆگمەن

1

تارىخنىڭ

ئىگىز -پەس داۋانلىرىدا

ئەجدادتىن -ئەۋلادقا تاراتتىڭ مېھىر.

ئەزگىنىڭ دان ئەمەس

مۇشەققەت تېغى

تاغلارغا مۇجەسسەم كۆرمىڭ سىر - سېھىر....

نەكى تاغ

خىسلىتىڭ تاغلاردىن يۈكسەك

(ئاھ....!

قانداق چىدىغاي ساڭا بۇ يۈرەك...!)

تارىخىڭ تاغلاردىن تۆرسا قەدىمى

ئۇن - تىنسىز كۆز يۇمساڭ خۇشمۇ دېمەيلا ،

يازمىسا ھېچ شائىر ۋاپاتىڭ ئۈچۈن

قايغۇلۇق مەرسىيە-

بىر پارچە شېئىر ؟....!!!

2

سەن بولغاچ كۆكلەرگە تاقاشقان بەستىم ،

سەن بولغاچ ھەيۋەمدىن تىترىگەن ئاسمان...!

سەن بولغاچ ئالدىمدا تىز پۈككەن دۇنيا ،

سەن ماڭا ھەر مىنۇت بولغان پاسىبان....!!!

ئېھ.........

قانداق ئۇنتۇيمەن ئەجرىڭنى سېنىڭ

جىسمىمدا جان بولۇپ تۇرغاندا نېنىڭ ،

سەن بەرگەن

ھارارەت تەپتىدە جاھان

نۇرلىنىپ تاغ ـ دالا بولسا گۈلستان ؟...!

يازمىسا ھېچ شائىر ۋاپاتىڭ ئۇچۇن

قايغۇلۇق مەرسىيە ۋە ياكى داستان ؟...!!!

3

ئاھ قەدرىڭ بىباھا

(بىلمىدۇق ئۇنى )

تۇرسىمۇ قوللاردا ئۇيغۇرنىڭ نېنى.

يادلايدۇ ۋە لېكىن نامىڭنى دۇنيا ،

دىللاردا ئاقىدۇ مەڭگۈ نۇر بولۇپ

http://ilkitap.blogbus.com

كويلاڭدا ھالاللىق ـ پاكلىق ئېقىنى....!!!

سەن تۇغقان ھەر سەھەر شۇقەدەر تاتلىق ،

سەن ئاچقان قەدەملەر

يۈكسىلىش ھايھات........!

ئەجدادىم

ئىلكىڭدىن تاپقان كۈچ ـ ئەقىل

بەرقىڭدە چېچەكلەپ سولماس گاڭ قانات....!!

يەر شارى ئايلاندى سېنى تەققاسلاپ ،

ئۆگەتتىڭ ئۈنىڭغا بولۇشنى بەردەم...!

خىسلىتىڭ بېغىشلاش

قەيسەرلىك ، مەردلىك

سەن بىلەن ئىقبالغا يۈز ئاچتى ئادەم...!!

سەن بىلەن ھاياتلىق بولدى مۇستەھكەم

سەن بەرگەن ئەقىلدىن نۇرلاندى ئىلىم.

ئۇن زاۋۇتى ئاتالدى پەرزەنتىڭ

ئەمما ،

كەتكەچ سەن بىمەھەل ـ

شۇنداق تۇيۇقسىز

سەن ئۇچۇن مۇڭلىنىپ يىغلايدۇ دىلىم...!

........................................................

ئەزگىنىك دان ئەمەس

مۇشەققەت تېغى

تاغلارغا مۇجەسسەم كۈرمىك سىر - سېھىر....

نەكى تاغ ، خىسلىتىك تاغلاردىن يۈكسەك

(ئاھ....!

قانداق چىدىغاي ساڭا بۇ يۈرەك...)

ئۇن - تىنسىز كۆز يۇمساڭ خۇشمۇ دېمەيلا

(تارىخىك تاغلاردىن تۇرسا قەدىمىي )

يازمىسا ھېچ شائىر ۋاپاتىك ئۈچۈن

قايغۇلۇق مەرسىيە - بىر پارچە شېئىر ؟....!!!

2007-يىل ، 8 - نويابىر ، قەشقەر

# نىگارىستان

**(جاللات)**

ئىزھار قىلدىم قاباھەتلىك سېھرىمنى ،
دىمەك بۇ ـ ئۆلۈمدىن ساڭا بىشارەت .
چەكسىز تىمتاسلىق قورشايدۇ سىنى ،
سىنىڭ كورۈنمەس سېھرىڭمۇ يوقتۇر ....
ئوڭ كوزۈمنى كور قىلىپ بۇگۈن ...
ئەلەم بىلەن ئوتكۈزۈپ ئىشرەت .
كۈن پىتىشتىن ئاڭلىدىم نەپرەت .

سەيشەنبىدە چىقتىم سەپەرگە ،
شۇ يىغاڭنى بۇ قەبرەمگە كومۇۋەت .
بۇ دۇنيادىن ئازاپ ئىزلەپ بولما ئاۋارە ،
بۇ ئويۇمدىن ئاشۇ يىراق قۇملۇقلارغا كەت .

پىرجەڭگى جەسدى ...
بوران ھۇۋلايدۇ ....
ئوركەشلەيدۇ قانىغان بوران ...

سىنىك ئۇلۇش نۇۋىتىك ئەمەس ،

سۆز كەلسە ئويۇڭگە ئەمەستۇر توپان .

ئەي!! سۆرگۈن پەرىزات ئەسلىگىن مىنى ،

شاھزادە بىر قاندا ئۇخلاپ ياتىدۇ ...

ئۇلۇككە كويۇنۇش پەرىزدۇر ـجانان .

ھاياتلىق چاچىدۇ تۇزانلىرىنى ئۇلۇمنىڭ ،

قەلبىڭدىكى قىنىڭنى ھىس قىلمىساڭ پاك ئەمەس .

نىمە دىگەن دەھشەتلىك ـ يىغلىمىغىن ـيىغلىما ،

بۇ تىنىمنى دەرەخكە ئىسىپ قويسام قۇربانلىق ..

مەن چاپلاشقان ئۇلۇمنى ناپاك دىمە ـئويلىما !!

نىگارىستان ئۇلۇم ئاۋازى ،

ئۇلۇمىستان قاندىكى تەشۋىش .

نىگارىستان مەندىكى سىھىر ،

شۇ قەبرەمدىن مىنى ئوقۇپ چىق .!!!

ئاپتۇرى:گۇلستان مۇنبىرىدىن جالالات

# مۇقام

ئىزدىنىش مۆنبىرىدىن ئۆزھال

ئېسىپ قايغۇنى دارىغا يىنىپ تۇرغان نىداھىم بار
تۇرتۇپ غەپلەتنى ئويغاتقان دۇتارتەنبۇرساتارىم بار
جاھان كەزگەن قەلەندەرنىڭ بىئازار كۇلكىسى ماتەم
بىغشلاپ ھەر نەپەس شاتلىق كۈيى ياڭراق باھارىم بار.

ئون ئىككى ئايغا ئوخشايدۇ يۈزىدە قىلچە نوقسان يوق
مىسكىن دىلغا بىرىپ ئاپتاپ جۇلا داستان سىگاھىم بار.
ئىزى ئۆچمەس قەدەملەرنىڭ مىھرلىك قەلبىدە ئاتەش-
نەپەستە ئوت بۇلۇپ يانغان مىنىڭ ئۆلمەس ساداھىم بار.

جاھان ئەھلىنى تاڭ قويغان ئوشاق ھەم پەنجگاھ بىرلەن ،
ئۆمىتتىن قەلبى مۇستەسنا كىشگە چارىگاھىم بار.
ئىراقتىن زەرگە ئايلاندى ئىقىپ مەڭزىمگە بىر تال ياش
چىلىنسا راك بىلەن پەشرۇ شىپاھدۇر دىلدا ئاھىمغا.

باياتقا كەلگىچە نۆۋۋەت جىنىم ھەلقۇمدا توختايدۇ
قالۇنىنىڭ تارىغا مەستخۇش ئىيتىپ بولماس باياىنم بار.
لەھەتنىڭ باغرىنى تىلغاپ كىلەر مۇسەھىزات مەغرۇر
زەبۇن كۇڭلۇمنى چالغۇتقان بۇ كۇيگە بىر سالامىم بار

ئۇسۇل كۆركىگە يول باشلاپ كىلەر بىردىن ساما مەشرەپ
سەلىقە قاينىغان جايدا ئۇلۇغ ئەجداتلىرىم پەيدا
چۇشۇرگە پەللىسى جانغا ئارام ھىسى بەخش ئەتكەي
جاراڭلىق داپ سادادىن ئۆزىن ئىستەيدۇ ھۇۋەيدا

ئۇلۇغ ئەجدات مىراسى بۇ روھيەت سىزىمسى كۆركەم
ھاتەممۇ تاڭ قالار ئەردى ئەگەر ئاڭلاش نىسىپ بولسا
سۇتۇق بابۇرنى ھەيرەتتە قويۇپ كەلمىش ئۇلۇغ كۇيدىن
تاپاي بەختىمنى بىر لەھزە چىلىپ تەنبۇرنى مەرغۇلغا.

سۇجۇپنىڭ كۆيدىن تاپتىم تەزىنىڭ قىيامىنى
كۇسەننى لەرزىگە سالغان مۇقەددىمە داۋامىنى
يىقىپ مۇقام شاھ مەشرەپكە يىتۇك شائىرغا ئايلاندى
ئۆزەلمەس تەقدىرى قىسمەت ئۇنىڭ كۆچ ھەم- مادارىنى

فارابى دىدىلەر شۇنداق جاھانىنىڭ سىرلىرىن بىلسەڭ
ئىشتكەيسەن ئەجەمنى ھەم يىشلىگەي بار تۇگۇن بۇندا

http://ilkitap.blogbus.com

ناۋايى ئاڭلسا دائىم شېئىر ئىلهامنى ئىزدەيدۇ
ئەزىز بولمسا قوغدارمۇ تىكىپ جاننى ئامانىنسا

تۇرداخۇن ياڭرىتىپ كەلدى يىڭى دەۋرانغا يول باشلاپ
ئەزىزى ئىيتتىلەر يوقتۇر مۇقامدەك مۆجىزە دۇنيادا
مانا شەۋقىمۇ بوش كەلمەي تالايلاپ نەزمىلەر تۇزدى
پىقىرمۇ ھەم بەخش ئەتتى ئۆزگە بىر ئىسم بۇندا

پەخىرلەن ئەي مۇغەننىلەر مۇقام ئىيتماق شەرەپ شاندۇر
مۇقامنىڭ دەۋرى دەۋرانى ئەبەتكە باغۇ بوستاندۇر
مۇقام ھەغداسى ئۇسمانغا تىلەيمەن تىنىچ ئامانلىقنى
ئەزىزلەر يايرىغاي قۇشتەك سەھەر ئاخشام گۈلۈستاندا

ئۇلۇغ ئەجدات ئىزىدۇر بۇ ئەبەتلىك كۈيگە ئايلانغان
ئەسىرلەر ئالمىشىپ ئەۋلات بىشىدا تاج بۇلۇپ قالغان
بۇقۇلداپ يىغلىغان ناغرا يەنە بىر كۈينى ئىستەيدۇ
بەختلىك بىزدە ھەر ئەۋلات بۇ كۈينى بىر قىتىم چالغان

# تونۇشۇش

يول بويىدا بىر تال گۈل بولۇپ،
ئۆتسە ئۇ دەپ تۇرسامەن كۈتۈپ.
سوزۇلغاندا تاقەت رىشتىسى
كېلىپ قالساڭ سەن
ئالساڭ مېنى دەرھال ھەم كۈلۈپ،
تونالامتىڭ
دېمسەممۇ جانانىم بۇ مەن.

ئاي نۇرىغا كەتسەم قېتىلىپ
ھارارەتكە تولغان سىغىنچىم،
كىرىپ كەلسەم ئاي نۇرى بولۇپ
تونارسەنمۇ
كۆزلىرىڭنى ئۇنىسز نەم قىلىپ.

سېنىڭ ئۈچۈن بولغۇم بار مېنىڭ
جاھاندىكى ھەممىلا نەرسە.
ئاياغ ئىزىڭ چۈشكەن تۇپراق
سەن سۈۋۈلۈپ ئۆتكەن بىر دەرەخ
بىر گۈل

**سېنى سۆيۈندۈرگەن**

**پەقەت**

**تونالسا سىنىك يۇرىكىك.**

**1993 - يىل 8 - نويابىر، ئۈرۈمچى**

http://ilkitap.blogbus.com

# قاشتېشى

قوللىرىمدا سۆزۈك قاشتېشى،
ئوت تارايدۇ ئۆنىڭدىن لېكىن.
دەپ قالسەن ساقلىدى قانداق،
گۈپلا كۆيۈپ كەتمەستىن زېمىن.

قوللىرىمدا سۆزۈك قاشتېشى،
بىر گۈزەل كۆي تارار قېتىدىن.
كىم بىلىدۇ سىر باردۇر قانداق،
ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانمايدۇ زېمىن.

قوللىرىمدا سۆزۈك قاشتېشى،
مېنىڭكى ئۇ، مېنىڭكى بىلگىن.
شۇڭا قۇياش كۆيەر بوپ كۆندەش،
شۇڭا دەردلىك تولغىنار زېمىن.

1993-يىل 11 - نويابىر، ئۈرۈمچى

# قار ياغقان ئاخشىمى

قار ياغمىدى، ياغدى گۈل ـ چېچەك،
قۇچىقىمغا ياغقان كەبى سەن.
ئەركىلەيسەن، كۆلكەڭ ئىغۇبار،
قۇچىقىمدا بوۋاق سەبىي، سەن.

قار ياغمىدى، ياغدى بىر ئۇپۇق،
بولۇپ قالدۇق يۇلتۇزلىرى بىز.
ئۆركەشلىدى خىيالىمىزدا
بۇژغۇن بىلەن تولغان كۆك دېڭىز.

1993ـيىل 27 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

# بەخت

تاشلار ئۈندى

پېتىش ئۈچۈن پۈتۈنگىغا

ئەتە مېنىپ قالار يولۇڭغا.

بۇلاقلاردا قاتتى مۇز

كېلىشىگنى ئاڭلاپ.

چېچەكلىدى كاچكۇلدا

ئاينىڭ نۇرى بولۇپ ھەم ئازاب.

تاغلار مىندى سۈكۈتكە

ساڭا قىيا باقماستىن تېخى.

مەن ئۆگەندىم قوشاق توقۇشنى،

بىلمەي تۇرۇپ نېمىلىكىگنى.

1993-يىل 2 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ئۆچكۈر

قاراڭغۇدا مەن بىلمىگەن نەرسە بار،
مۇھەببەتتۇ بەلكىم تېتىپ باقمىغان.
قۇياش بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يۈرەكنى –
باسسا ئەگەر بەزەن ھەسرەت ھەم پىغان.

ياق، يول باردۇر ياتقان كۈتۈپ مېڭىشنى،
ياق، باردۇ كولاپ قويغان بىر ئورا.
قارا ئۆچكۈر تەۋرەتمەكتە قەلبىمنى،
سېغىنىشنىڭ قۇياشىدەك ئۇ گويا.

1993-يىل 20 - دىكابىر، ئۈرۈمچى

# نۇزۇگۇم

رەيھان سەندەك ئېچىلماس،

ھەر ياپرىقىڭ بىر قۇياش.

دەريا سەندەك ئاقماس،

تامچە يېشىڭ

قويار داغدا دېڭىزنى.

قىزلار سەندەك تۇغۇلماس،

ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن سەن

دەرگاھىڭغا ھەممە يۈلتۇزنى...

1993-يىل 32 - دېكابىر،

# بەختىگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قوش

بەختىگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قوش،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۈرەكلىرىم قان.
كۆڭلۈڭنى ئۆتۈشقا توقالمىدىم كۈي،
كۆرگەندە يامان چۈش سەن ئەي جانجان.

بەختىگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم تاڭ،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۈرەكلىرىم قان.
ئاپتاپ بوپ يېشىڭنى قۇرۇتالمىدىم،
چەكتىم مەن پەقەتلا ئاھ ئۈنسىز پىغان...

بەختىگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قوش،
غېمىڭنى كېتىشكە يىراققا ئېلىپ.
بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس قويالمىدىم مەن،
ئەبەدلىك بەختىڭنى دىلىڭغا سىلىپ.

بەختىگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قوش،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۈرەكلىرىم قان...
تىلىدىم پەقەتلا كېچەڭگە بىر چۈش،
ئىللىق ھەم نۇرلۇق ھەم قۇياش پارلىغان.

1993-يىل 24 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

http://ilkitap.blogbus.com

# مەۋجۇدلۇق ـ 1

ئىككى بەتكە بىر پارچە قوشاق،
كېلىشتۈرۈپ يازالمسامۇ
سۆيەلەيمەن سېنى قاقشتىپ.

قېتىپ قالسا لېۋىمدە كۈلكەم
باقالمىسا قۇياش پېتىنىپ.
كېتەلەيسەن پەقەت سەن ئۆزۈنى
سۆيگۈڭ بىلەن ئاستا ئېرىتىپ.

مەن سۆيگۈگە قانمىغان ئادەم،
قەلبىم چاك ـ چاك يېرىلغان بىر چۆل.
سەن بىر ئالەم ياشارغان پەقەت،
شۇ چۆل ئۈچۈن بولۇپ تەنها گۈل...
1994-يىل 7 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# باياۋان - 1

1

چېقلارمەن تاك قلىپ چەكسەڭ،

جامالىڭنى كۆرستەر ئەمما

تولۇق قلىپ ھەر بىر سۇنۇقۇم.

ئەگەر ماڭا قلماق بولساڭ سۆز

ئېغىزىڭ ھېچ مىدىرلىمىسمۇ

نېمە دېمەكچىسەن

ئاڭلاپ بولار ھەممنى قۇلۇقۇم.

كېلەر بولساڭ

كېلشنى ھەم قلساڭ خىيال،

يۈرىكىم

بولار دەرھال يولغا ئايلىنىپ.

كۆرۈشۈشنى ئىستەيمەن

كەلمەيسەن ئەمما.

سۆيۈشنى ئىستەيمەن

سۆيمەيسەن ئەمما.

2

http://ilkitap.blogbus.com

قانچىنچى ئادەممەن بۇ ئالەمدە،

تۇغۇلغان يەنە قانچىنچى بولۇپ؟

بىلمەيمەن كۆكسۈمدىكى

شۇ كىچىك يۈرەك

قاچان قالدى

بۇ ئۇلۇغ ئوتلارغا تولۇپ.

تىكىلمەن ئۇزاقتىن ئۇزاق

ئۆزۈم بىلمىگەن خىيالىمدىكى بىر يولغا.

شۇ يولدا كېلەر

يۈرىكىمدىكى ئوتنىڭ تىلىنى ئۇققۇچى.

تەنلىرى گۆش، بىزگە ئوخشاش

بىر ئادەم تۇرۇپ

شۇ ئوتلارنى يۇتۇپ ئۆتكۈچى.

3

دېيەلمىگەن گەپلىرىم تولا،

سورىسا بىرەرى دېمەيمەن ئەمما.

ماڭمىغان يوللىرىم تولا،

ماڭ دېسە بىرەرى ماڭمايمەن ئەمما.

ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ئېچىلمىغىنى خوپ،

كېيىن

ئۆلۈمنىڭ تۈنجى كېچىسى،

چۈشەندۈرگەي مېنى، يۈرىكىمنى

شۇ دېيىلمىگەن گەپ

شۇ ماڭمىغان يول

ئورنىدىن تۇرۇپ.

4

سالام خەتلىرىڭنى كۆيدۈرمەكچى ئىدىم،

خەتلىرىڭ كۆيدۈردى ۋە لېكىن مېنى.

كۆل قىلدى كۆز يېشىڭ مەغرۇرلىقىمنى،

ئاھلىرىڭ ئۆلتۈردى بۇ يۈرىكىمنى.

ئۆزۈمنى كۆيدۈردۇم، ئۆزۈمنى خالاس،

خىيالىمدا سەن يەنە غالىپ.

سېغىنىشىم كۆكىدە شاھسەن

مېنى قىيناپ تۇرغان شۇنچە ئاجايىپ.

1995-يىل 30 - مارت ئۈرۈمچى

# بۈگۈن جۈمە

بۈگۈن جۈمەگە بارمىدىم

بارماسلىقىم بارالماسلىقتىن ئەمەس

جۈمە مېنى ماگىنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ

لېكىن بارمايمەن

خۇددى تۆمۈرلۈك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ

ماگىنىتقا چاپلىشالمىغان

بىر تۆمۈر كەبى

ياق،تۆمۈرلۈك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلغان تۆمۈرنى

تۆمۈر دېگىلى بولمايدۇ

ئۇنداقتا نېمە دېيىش كېرەك؟

ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلغان ئادەملەرنىمۇ

ئادەم دەيمىزغۇ؟

چوشقا گۆشى يېمەي هاراق ئىچكەن كىشىلەرمۇ

ئۆزىنى دەيدۇ مۇسۇلمان

پارە يەيدىغان پارتىيە ئەزالىرىمۇ

هەر ئايدا پارتىيە بەدىلى تاپشۇرىدۇ

جۇمەگە بارمىدىم

باردىم جۇمە دېگەن ئاغىنەمنىڭكىگە
قېنىمىزدىن هاراق ياساپ
جېنىمىزدىن كوزا ياساپ
ئۆزىمىزگە سىلىپ ئازاب
ئىچىپ-ئىچىپ مەي بولغىلى
شەيتان ئۇچۇن سەي بولغىلى
ياندۇرغاندا قەي بولغىلى

جۇمە دېگەن ئاغىنەم
هاراق كۆتۈرىدۇ
گەرچە ئايالى ئۈچۈن
بىر چەينەك سۇ كۆتۈرۈشكە ئېرىنىسمۇ
ھەققەت ئۈچۈن بىر جۇملە سۆز
خەلقى ئۈچۈن بىر جۇملە سۆز
قىلىشقا ئېرىنىسمۇ
توختىماستىن هاراق ئىچىدۇ
ئۇ دەيدۇ
«هاراق ئىچىشىم دەرتتىن ئەمەس
ئىشق ئۈچۈن ئىچىمەن
هەق سۆزلىگەننىڭ نىمە پايدىسى؟
تۆهمەت چاپلار سۇخەنچىلەر

تۇتۇپ كېتەر ساقچىلار
يەنە قانداقتۇر كېلىشمەسلىك
كۇتۇپ تۇرار ھەقىقەتنى
يوك كۆتۈرمىگەن بىلەن ھاراق كۆتۈرىمەن
مەن كۆتۈرگەنگە ھاراق تۈگەپ قالمايدۇ
ھەر بىر ناھىيىدە بىردىن زاۋۇت
بىز ئۈچۈن توختىماي ھاراق ئىشلەيدۇ».....

ئۇ ئەنە شۇنداق سۆزلەپ كېتىدۇ
ئۇنىڭ مەستلىكىدىكى بۇ گېپىنى
ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ
سوخەنچى ئاڭلىمايدۇ
ساقچى ئاڭلىمايدۇ
ھېچكىم ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىمايدۇ
ھېچكىم ئۇنى تۇتۇپ كەتمەيدۇ
ھەتتا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىمايمەن

ئاغىنەم جۇمە
ئىسمى جۇمە بولسىمۇ
جۇمەنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ
ئىسمى ئىسلام تۇرۇپ ئىسلامنى بىلمىگەن
ئىسمى تالىپ تۇرۇپ دىندا ئوقۇمىغان

ئىسمى ئىمام تۇرۇپ بوتكىدا هاراق ساتىدىغان

ئىسمى قەھرىمان تۇرۇپ قەھرىمانلىق قىلىپ باقمىغان

بىر لالما ئىت كۆرسىمۇ قېچىپ كېتىدىغان

ئادەملەر كەبى.

شۇڭا ئۇ جۇمە دېمەي هاراق ئىچىدۇ

مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىمەن

ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ

مەن شېرىك بولىمەن

ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن

دەيمەن:

«سەن هاراق كۆتۈرىسەن...:»

جۇمە دېگەن ئاغىنەم

مەست بولۇپ قالدى

ئۇ مەست بولغاندا كۆزگە ئىلماس ھېچكىمنى

ھەتتا ئۆلۈمنى

جۇمە كۈنى جۇمەگە بارماي

هاراق ئىچتىم جۇمە بىلەن

ھەقىقەت ھەققىدە سۆزلىمىدىم

ھەقىقەت سۆزلىدى مەن ھەققىدە

نۇرغۇن ئادەملەر جۇمە كۈنى

ئالدىراش ئاغىنەم جۇمە كەبى

مەن كەبى

جۇمە ئۇلاردىن بەكمۇ يىراقتا

ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىسيان ئېتەر

هاراق تۇغقان ئىشتىياق

تۆمۈر تۆمۈرلىكىدىن ئايرىلسا

ئۇ تۆمۈر ئەمەس

ئادەم ئادەمىيلىكتىن ئايرىلسا

ئەمما ئۇ ئادەم بولۇۋېرىدۇ

كومپارتىيە ئەزاسى پارتىيىلىك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلسىمۇ

يەنىلا پارتىيە ئەزاسى

تاكى بىز ئۇنى بايقاپ بولغۇچە

كوچىدا كېتىپ بارار

ئاجايىپ نۇرغۇن ئادەملىك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلغان ئادەملەر

ماگنىتقا چاپلىشالمىغان تۆمۈرلەر كەبى

# سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،

داڭزىدا خېتىم قالدى.

خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،

بەش بالام يېتىم قالدى.

1

چېقىلدى زېمىن

ئالقىنىدا تەڭرىنىڭ.

شۇ مۇقەددەس توزان ئىچىدىن

قوپتى سادىر.

2

ـ سەجدە قىل...!

يۈكۈندى سادىر،

ماڭلىينى ياقتى توزانغا.

كۆتۈرگەندە بېشنى

غايىب بولدى تەڭرى شۇ هامان،

چاقتى چاقماق،

گۈلدۈرلىدى ئەرشئالا.

پەرىزاتلار

ئۇچۇپ ئۆتتى ئالدىدىن.

ئايىقىغا تۆكۈلدى نۇرلار،

كۆزلىرىنى يۇمدى بىر هازا.

3

- ئاچقىن كۆزۈڭنى...

سالام بەردى ئاڭا جەبرائىل،

ئېگىلدى سادىر

قوللىرىنى قويۇپ كۆكسىگە.

يايدى جەبرائىل ھەسەن - ھۈسەننى،

يۇرۇپ كەتتى سادىر ئۈستىدە

بىلدۈرۈپ ئاڭا

مىننەتدارلىق.

4

ھەسەن ـ ھۈسەندىن

چۈشتى ملك ئۆيگە.

كارۋان

غايىب بولغان ئالىبۇرۇنلا.

ملك ئۆي ـ

چۈشۈپ قالغان ملك قوڭغۇراق،

تۇرار ئىدى جاراڭلاپ.

5

ئۈگىدىى

قويۇپ بېشىنى گۈگۈمغا.

ئۇچۇپ كەتتى كېپىنەك

كىرىپىكىگە قونۇپ بىر ھازا.

تېمىپ كەتتى ئۈنىلك رەڭلىرى

قارىچۇقىغا سادىرىنىك.

رەڭلەر:

باھار،

ياز،

كۈز،

قىش،

http://ilkitap.blogbus.com

بەشىنچىسى ـ

پەسىللەرنىڭ پىنھانلىرىدا

يېتىكەن پەسىل.

6

ـ باللىرىم!

چاچراپ تۆردى سادىر ئورنىدىن.

تۆكۈلدى ئالقىنىغا

شاخلىرىدىن كېچىنىڭ

بەش يۇلتۇز.

7

موللىتوختىيۇزىدە

ئۇچراشتى ئاتا

قەبرە تۇسلۇك بىر بوۋاي.

ـ سادىرمۇ سەن؟

كەل ئوغلۇم

باللىرىڭنى كۆرستەي ساڭا.

بوۋاي

يېتىلەپ چىقتى ئۆيىدىن

http://ilkitap.blogbus.com

بەش ۋاخ نامازنى.

8

ئۆستىدە
سادىر يۈزىنىڭ
چىقىلدى بوغدا.
تورۋلار ئىدى ئۇ:
ـ باللىرىم...!!!

9

ـ دادا... !
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
كاۋاپدان.
كۆيدى زىختا پىژىلداپ
سادىر يۈرىكى.
قوشاق:
سادىر دەپ چۆچەك قالدى،
بىر ئوغلۇم گۆدەك قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ
بىر زىخلا يۈرەك قالدى.

10

ـ دادا...!

ئۇچۇپ كەلدى ئالدىغا

شەپەرەڭ.

ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى نۇرلىرى

سادىر كۆزىنىڭ.

قوشاق:

سادىر دەپ چىراغ قالدى،

بىر ئوغلۇم بوۋاق قالدى.

كۆزىگە قاراپ باقسالاڭ

بىر جۇپلا كاۋاك قالدى.

11

ـ دادا...!

يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا

جۇدۇن.

تامچە ـ تامچە مۇزلىدى

سادىر قانلىرى.

قوشاق:

سادىر دەپ باھار قالدى،

http://ilkitap.blogbus.com

ئوغلۇمغا تۇمار قالدى.

ئوغلۇمنى كۆرۈپ باقساڭ،

بىر قاقشال چىنار قالدى.

12

دادا...!

يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا

قەبرە

قەبرە تاشتا يېزىقلار:

"مىراس...مىراس...مىراس".

قوشاق:

سادىر دەپ نىدا قالدى،

بىر ئوغلۇم جۇدا قالدى.

ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ،

بىر ئەكس سادا قالدى.

13

ـ دادا...!

لەرزان باردىم ئالدىغا،

غۇۋا لەپىلدەپ.

چۈشۈپ كەتتى قەبرە

چوڭقۇر ئىچىمگە.

قوشاق:

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،

بىر بالام يېتىم قالدى.

بالامدىن سوراپ باقساڭ،

تېنىدە تېنىم قالدى،

جېنىدا جېنىم قالدى.

14

چېقىلدى قەبرە

سۆكۈتۈمنىڭ تېرەن تەكتىدە.

تۈتەكلەر ئىچىدىن

قوپتى سادىر.

15

ـ سەجدە قىل...!

# تۇز

تۇزى ئېغىر شەھەر بۇ.

نىقابلىرى يات چىرايلارنىڭ
خۇددى راستتەك مەھكەم چاپلاشقان.
تۇز-سەن مېنىڭ ئۆز يۇزۇم
راستلىقىمنى قىلسەن ئايان.
ئىشكىسىز كوچىدا
تۇرمۇش غېمىنى سىلىپ ئاپتاپقا
ئولتۇراتتى تۇزچىلار جىمجىت
هارۋىسىغا تاش تۇزنى بېسىپ
ئۇلار تۇزنى كىلەتتى قېزىپ
هېرىپ - ئېچىپ، ئۇسسىز، ئۇيقۇسىز
نەچچە كۈنلۈك چۆل ۋە جاڭگالدىن.
قىش سوغۇقى ۋارقىرىغاندا،
مېزى چىقىپ قالغان چاپانغا
ئېلىشقانچە قۇشتەك تۈگۈلۈپ.
مەن ئۇلارنى تۇراتتىم كۆرۈپ،
ماڭغىنىدا يىراق يازلاردا
ئېشەك هارۋىسىنى غىچىرلىتىپ...

http://ilkitap.blogbus.com

ۋاقىت ئايلانماقتا

غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىرىپ

ناتونۇش ۋاۋۇتلاردىن،

ئالتۇن، رادىي ۋە تۇزكاندىن.

يەر يۈرىكى دۈپۈلدەۋاتقان

چوڭقۇر، قاراڭغۇ جىمجىتلىقلاردىن.

پەۋەس ـ پەۋەس يۈك بېسىپ ماڭغان

پويىزلارنىڭ رېلىسلىرىدىن،

سىمىز، ئاپئاق دېڭىز بويىدىن...

يوق بىزنىڭ ۋاقتىمىز،

يوق ھەتتا ئۆز ئىدىيىمىز.

غېرىپلىق، سۆزۈك غېرىپلىق،

غېرىپلىق، قاتتىق غېرىپلىق،

غېرىپلىق، تۇزلۇق غېرىپلىق.

تۇزى ئېغىر شەھەر بۇ

كەلگەنلەنىڭ كەلمەس كەتكۈسى.

ئىشىكىمنى چېكىدۇ بىرسى

ئاچسام ھامان ناتونۇش كىشى.

تۇيۇلىدۇ يۈزۈم نىقاپتەك،

http://ilkitap.blogbus.com

يانتۇ كۆتۈرۈلگەن شەھەردىكى ئاي

ياتلارنىڭ ئېيى.

قىزغىن سالايدۇ پەلەمپەيلەردە

مۇزدەك تېنىنى ئىسسىتقان قارنىڭ،

تەن- يوقۇلۇۋاتقان بىر تىل، بىر بەلگە.

# ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى

تۇپراق تۇغدىمۇ سېنى؟

ياكى تۇپراق تۆرەلدى سەندىن؟

1

بۆلەپ سېنى يىلتىزىنغا

باقتى مەجنۇنتال.

قىش كۈنلىرى،

دەريا ئوتتۇن تەردى ئورماندىن.

ئۇخلار ئىدىڭ تۈن بىلەن بىللە،

ئۇزۇلمەس ئىدى

ئۇزۇك - ئۇزۇك ئەللەيلەشلەر.

2

ئۆملىدىڭ

توپىلاشتى چۆرەڭگە يۇلتۇزلار.

پەسللەر سېنى تە - تە قىلىشتى،

ۋىلىق - ۋىلىق كۈلەتتىڭ.

كەلدى ئالدىڭغا يۈگۈرۈشۈپ

گۈل- چېچەكلەر.

3

چىقتىڭ كوچىغا

كىيىپ ئۇچاڭغا ھەسەن- ھۈسەننى.

دەرىزىلەر ئېچىلدى ساڭا،

رەستىلەر

يۈگۈرۈشۈپ كەلدى ئارقاڭدىن.

4

قۇشقاچلار

چاڭگا قىلدى چاچلىرىڭنى.

ھەسەل ھەرىلىرى

ئۇچۇپ كېلىشتى لەۋلىرىڭگە،

تۇنلەرمۇ

كۆچۈپ كەلدى كۆزلىرىڭگە.

5

كۆزۈڭدە ئاي،

ئاي...

بۇلۇت ئىزلەپ چىقار سەپەرگە،

قالار ئارقىدا قاقاس تاغلار

پۇلاڭلىتىپ قوللىرىنى،

ۋادىلىرىك چاقماقتا تەشنا،

يامغۇرغا تەشنا.

6

ئاۋازىڭدىن پۇراپ تۇرار

نورۇزگۇمنىڭ كۆيگەن قېنى.

دولقۇنلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى

ئاۋازىڭدا.

7

ئوڭ قولۇڭدا

كېپەنسىز قەبرىلەر،

ئۇندا چۆچەك

ئولتۇرىدۇ دۇئا قىلىپ.

سول قولۇڭدا بۆشۈكلەر،

ئۇندا ئانا

تەۋرىتىدۇ ئەللەيلىتىپ.

8

سەن كۆز يۇمساڭ

كۆتۈرىدۇ تۆت پەسل جىنازاڭنى.

يىغلاپ كېلەر تاۋۇت كەينىدە

بارچە دەرەخلەر.

* * *

ئۇيغۇر قىزى

قەبرەڭ قۇياشتا!

http://ilkitap.blogbus.com

# سېنى سورايمەن

ئاخشاملىرى چىقىپ تالاغا،
قەلبىمنى پاك ھېسقا ئورايمەن.
مەغرىپ تامان ئۇچقان شامالنى،
ھوزۇرلىنىپ ئۇزاق پۇرايمەن.
شەبنەم تامغان كىرپىكلەر ئارا،
مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.
ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇ ئايدىن،
تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن،
ئاھ، ۋەتىنىم، سېنى سورايمەن!

# مىڭ بىر كېچە خاتىمىسى

بەس، شەھرىزاد، يېتەر چۆچەكلىك،

كېتەي پۈتمەس ۋەھىم ئىچىدىن.

قۇياش يانغان نۇرلۇق بىر كۈندۈز،

ئارتۇق ماڭا مىڭ بىر كېچىدىن.

# ئىككى قۇياش قەسىدىسى

گۈزەللەردىن ئەمەسسەن چېنىم،

سەندە يوقتۇر گۈلنىڭ ياشنىشى.

ئاھۇ كۆزى ئەمەس كۆزلىرىڭ،

ئەمما ئۇندا نۇرنىڭ چاقنىشى.

بېزىمەيدۇ سېنى باش باھار،

توزۇتمايدۇ كەچكۈز جۇدۇنى،

ئۇنىڭ ئەكسى تۇرسا كۆزۈمدە،

سۆيگۈمىزنىڭ نەدىكەن تۈنى؟!

# جالاپ ئەر

يوق سەندە ئىپپەتنىڭ مەزمۇن قاشاسى ،
تېشىلگەن قىرىڭدا ھاياتىڭ بەرباد.
يوق سەندە قىلچىلىك ئاخىرەت نۇرى ،
ئىشرەتلەر ئىلكىدە ياشايسەن ھەيھات.

يۈز قىزنى سۆيگەنسەن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ...
قوپقانسەن گۈللەرنىڭ ئۈستىدىن بىر - بىر.
ھەممىگە بەرگەنسەن رەزىل كۆڭلۈڭنى
ھەممىدىن ئالماقچى بولۇپ سەن مېھر!

يوق سەندە مۇھەببەت، يوق سەندە نەپرەت،
ھاياتىڭ مىسالى نىشانسىز يەلكەن.
يوق سەندە ئەلمىساق ياكى ئاخىرەت ،
ۋە ياكى ھور ئۆرلەپ تۇرغان ئىسسىق تەن. . . !

دائىما ئاياللار جەڭگاھلىقىغا ،

جەلپكار سۆزلەردىن قۇرىسەن قىلتاق ،

چۈشىدۇ ئۈنىڭغا بىر ئازغۇن ئايال ،

ئالدىڭغا كىلىدۇ بىر ۋاقلىق تاماق.

سەن جالاپ ئەركەكسەن ، جالاپلىقىڭغا

دەرىخلىك راست قۇرۇپ كۆكلەيدۇ يالغان.

قالىدۇ دۇنياغا سەندىن پەقەتلا ؛

شالاسى قالمىغان جالاپ دىگەن نام.....

# ئەرنىك ئىپپىتى

كۆلسە لەۋلىرىدە گۈللەر ئېچىلار

يىغلىسا كۆزلىرىدىن ئۈنچە چېچىلار

ماڭسا ئايىغىدىن تىللا تۆكۈلەر

نەدىسەن مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم؟

خوتەن دەشتىدە مەن پىيادە

هاسام ئۈپۈرىدى قۇياش كۆزىدە.

ئولتۇرۇپ ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپىيىدە

تاكسىدىن چۈشۈۋاتقان، ئىشتان كىيمگەن

قىزلار ئىچىدە

سېنى بارمىكىن دەپ قاراپ قالىمەن.

قاتتىق هاقارەتتىن يۈزلىرىم چىم - چىم

ئانا گۆشى ساتماقتا بىر كىم

سەن تېخى قاندىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ.

دەرەخ شېخىدىكى هجرانكار كاككۇك

مېنىڭ ساڭا چاڭقاشلىرىمنى چۈشىنەر بەلكىم.

سەن بىلمەيسەن، بۇ يەردە

ئۇر توقماق ئەسەبىيلىشىپ ئۆز ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى.

ئېچىل داستىخان ئېچىلىۋېرىپ قۇرۇتۇۋەتتى ئېتىزدىكى ئاخىرقى داننى.

ساڭقاڭ ئىشىكىم ئوغرىلاندى، تەڭگىلەرنىڭ شاراقلاشلىرىدىن

كېلەر ئۇنىڭ تاياق ئازابىدا ھاڭرىغان ئۈنى.

چۈشۈپ ئاسماندىن ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە

سېتىۋەتتى ئاچلىقتىن ئېتىنى ئوتۇن بازىرىدا.

پادىچى تازنىڭ مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ

تۇرغىنىنى كۆردۈم كىتابخانىدا

پەرھاد ئون يىل تەشتى بىتون ئەمەس شېرىن تېغىنى،

غېرىب پالاندى چۆلگە ئەمەس سەنەمنىڭ مۇشكۈل مۇھەببىتىگە.

تاھىر ئاقتى دەريادا ئەمەس زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرىدا

چۈشەنمەيدۇ بۇنى مەڭگۈ ئاشىقتىن ئۆزگە.

سەن نەدە قەدىمدىنمۇ يىراق بىر يەردە

دەرەخ كاۋىكىدا مېنى ساقلاپ تۇرامسەن؟

ئاسمان، دېڭىز، تاغ

تۇغۇلامدۇ ئۈچ ئوغلۇم قايتا؟...

ئۇلارنى سەن تۇغۇپ بېرەمسەن؟!...

مەن ئورۇق، ئاچ

مەن ساڭا خۇمار

http://ilkitap.blogbus.com

ئەرلەر ئىپپىتىنى يوقاتقىلى بولدى يۈز يىللار.

رادىئو جىنسىي كېسەل توغرۇلۇق بەرمەكتە ئېلان

ئەرلەرنى چۆچۈتكىنى ئېلان ئەمەس

قەرز سۈيلەۋاتقان تەلۋە ئايالىلار.

ۋەتەن

ئەرنىڭ ئىپپىتى.

ۋەتەن

ئەرنىڭ ياتلاشقان ئېتىقادىدا

سۈسلاشقان ئىمانىدا

داتلاشقان پىچىقىدا

چاڭقاپ ياتقان بىر سىقىم تۇپراق

قانغا، ۋىجدانغا.

قورقۇپ كەتتىم

ئۈمىدسىزلىكنىڭ يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قىلىپ ئۈھسىنىشىدىن

ئايال كۆز يېشىنىڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈشىدىن

ئىشتان بېغىغا قول ئۈزاتقاندا

پۈتمەس قەرزلەرنىڭ ئەسەبلىرىمنى بوشىتىشىدىن.

ئاھ، مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم

كۈلمەي، يىغلىماي، ماڭماي مېنى ساقلاپ تۇرامسەن

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە.

بۇ ئەسەبىي بىر نالە

جىمجىت ئاخشام زۇلمەتتە كېيىندىم

رەزىللىككە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىزدەپ ئابى ھاياتنى.

ئاتا مەڭگۈ مۇڭلۇق يىغلار، ئاتا ئىزدەر ئىرادە،

كۆردۈم بوۋاق چۈشلىرىدىن سانسىز يۇمران قاناتنى.

ئەرلەر ياسار جىنازا

بۆشۈك بىلەن تەڭ تەۋرىنىپ ئۇخلىماقتا ئاياللار.

ئاھۇ قانداق جان تاپشۇرغان سەييادقا

قېنى بۆرە ئوشۇقى؟

قىمارۋازنىڭ تاۋكاسىدا سەكرەپ يۈرەر بىقارار.

سىم - سىم گۇگۇم تېرەك ئۇچىدىن سەكرەپ چۈشەر ئاق ئۆچكە

ئوتتىن قېچىپ ئادەملەرگە كىرەر جىنلار پاتپاراق.

يالغان سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا چارە كۆپ،

ئەيلەر كۆز ياش رېئاللىقنى يىرگىنىشلىك ۋە پاتقاق.

مايمۇن كىشى ئۇسسۇل ئوينار خۇشال - خۇرام قامچىغا،

تۆگە كېلەر مەردانە ھەم قوتۇر ئېشەكنىڭ كەينىدە.

كۆڭلەك سالار ئاي ئىچىدە ئەپسانە قىز نازلىنىپ

مىليون ئاشىق قۇرۇپ ئۆلەر نىبسى لەززەت ئەۋجىدە.

مۇھەببەتنىڭ رەسۋالىقى شۇنچە ئايان بولسىمۇ

قەسەملەردەك قاتتىق قاندىن قاچار خىيال يولۋاستەك.

http://ilkitap.blogbus.com

كونا ئايال يامار جۇل ـ جۇل يىرتىلغان شۇ كۆڭلىنى

قارا قاغىنىڭ مەدھىيىسىدە قاقاقلاپ ئىچىلىۋاتقان تاز گۆلدەك.

كۆندىن ـ كۈنگە ئىگىزلىمەكتە بىنا كەبى جىنايەت،

تۆزلەنمەكتە جان دۆڭلىرى زەنجىر تاپان ئاستىدا.

بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق

بىر كىشىگە تولۇپ كەتكەن چەكسىز دۇنيادا.

كېلەر كىمنىڭ ئاتقا مىنگۈسى

كېلەر كىمنىڭ نەزمە ئاڭلاپ سۆيۈۋالانغۇسى.

ئۆلۈك ئادەم كۆتۈرمەيدۇ تىرىكلەرنىڭ جىنازىسىنى،

كېلەر كىمنىڭ جەينامازدا ۋارقىرىمىغۇسى.

بۇ ئەسەبىي بىر نالە

بۇ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەلمەي چىقىلغان تاش پىيالە.

تاڭ ئاتىدۇ غەرب قىزارسا،

كۆز تىكەرمەن شەرقكە

تەڭرىتاغ زورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 5-ساندىن ئېلىندى

# ئۇيغۇر قىزى

قاشلىرى قىياقتەك، كۆزلىرى بۇلاق،
لىۋىدە بال تامار، بويلىرى زىبا.
ئىپارنىڭ خوش ھىدى كېلەر تېنىدىن،
ئانار رەڭ چېھرىدىن ياغار نۇر- زىبا

ناز خۇلۇقى دىللارنى قىلىدۇ مەپتۇن،
ئەجەپمۇ يېقىملىق ھەر ئېغىز سۆزى.
قەلبى پاك، دىلى تۈز ،شەرمى ھايالىق،
گۈزەللىك سۇلتانى——— ئۇ ئۇيغۇر قىزى.

# مۇخەممەس

ئۆتۈنەي ساقى سىنگدىن ،ئەمدى شاراپنى زورلىما ،
مەيلى مەن كۆلمەي ئۆتەي ،هالى خاراپنى زورلىما ،
"دوستلىرىم"مىڭلاپ ئىدى ،كەتسۇن تاراپنى زورلىما ،
چاكى ـچاك لەۋلەر ئەشۇنداق كەتسۇن قاناپنى زورلىما ،
بولدى ـبەس ئىچمەي دىدىم !قىلدىم خىتاپنى زورلىما .

بەك ئۇزۇن ئىچتىمكى مەيگە ئاشقى ـشەيدا بولۇپ ،
قالمىدى مۆڭگۆز ـقۇلاقلارمۇ چىقىپ ـپەيدا بولۇپ ،
بارچە ئەزايىم زەئىپ ،مەن ئۆزۆم سەۋدا بولۇپ ،
پۇت قولۇم لاغ ـلاغ تىترگەن،كۆز خىرە ـناكا بولۇپ ،
شىر سۆپەت ئەركەك ئىدىم ـبولدۇم بىتاپنى زورلىما .

مەيپۇرۇش زەردار ئاتالدى ،بوردانانغا زارىمەن ،
كۆلكە ئاڭلانماس كەپەمدىن ،جىن سياق يىگانىمەن ،
لالما ئىتلاردەك يالاق يالاپ يۆرەر بىچارىمەن ،
ئەسلى زاتىم ـكىملىكمنى يا بىلەلمەي خارىمەن ،
قاي ئاڭا ئۆلپەت سانالدىم ؛جانىم خۇراپنى زورلىما .

خۇددى شىرىن چۈش كەبى ،ياندا سەنەملەر كۈپ ئىدى ،
رومكىدىن بەختىنى ئىزلەپ يۈرگەن بىغەملەر كۆپ ئىدى ،
مەي ئۇچۇن بارى تەسەددۇق باغۇ ـ ئېرەملەر كۈپ ئىدى ،
جاننى ئالغان نازكەرەشمە يالغان سۆخەنلەر كۈپ ئىدى ،
يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىن تاپقان پۇراپنى زورلىما .

مەيلىشىپ ئالدىم ئەجەپ رەسۋا ـ ئەزىم نامۇ ـ ئاتاق ،
تۈننى تاڭغا يەتكۈزەرمەن ،كۆزلىرىم مۇشتەك چاپاق ،
ئەقلۇ ـ ئىدراكىم كىشەنلىك ،باشلىرىمدۇر خام قاپاق ،
نە غورۇر بولسۇن مېنىڭدە ؟ھەممىنى ساتتىم ـ چاتاق ،
گەرخۇمارى تۈتقىنىدا بەردىم سولاپنى ،زورلىما .

بولدى قىل !ساقى زىيانداش ؛قاق سەنەم بولدۇم بۇگۈن ،
قالدى ئارمانلار دىلىمدا تاغ كەبى سىرلىق تۈگۈن ،
يەر ـ ئانا ئاچمەس قويۇن .گەر ئۆلۈپ كەتسەم ئۇگۈن ،
بۇ ھاياتىم بەتلىرى ئاق ـ ئارتۇق يارالغان دەپ يەكۈن ،
مەغدۇرۇمغا كەلگىلى قوي ـ يەيمەن كاۋاپنى ـ زورلىما ...............!.......

2007ـ يىل 15ـمارت باي .

http://ilkitap.blogbus.com

# يىغلاۋاتقان كوچا چىرىغى

يامغۇر يېغىپ تۇرغان ئاخشامدا
كۆيلىنىدۇ مېنىڭ ناخشامدا
ئەڭ يېگانە، ئەڭ غېرىب بىر ئىت.
دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىن باشلاپ
ئۇ كوچىدىن – بۇ كوچىغىچە
شار - شار قىلغان ئاۋاز ئىچىدە
قېتىپ قالغان ساناقسىز سۆكۈت.
مەن ئۆيۈمدىن قانداق قۇتۇلدۇم،
قانداق كىردىم يامغۇرلۇق تۈنگە.
»ئايال« ياساپ قايناق ئىشقىمدىن
قانداق قاچتىم ئۇنىڭدىن يەنە.
كېچىلىرى يالىڭاچ يېتىپ
سىلاندىم مەن قانداق بىمەن.

ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارغا تولغان
كۆڭۈلدىكى خۇشپۇراق بوشلۇق.
يىغلاپ تۇرار كوچا چىرىغى
يېقىن تۇرۇپ ئەخلەت تۇڭىغا.
مەن ھاياتنى سېغىندىم قانداق

ئۆلۈكلەرگە قولۇمنى سوزۇپ،

ھەممە نەرسەم بىر ـ بىرلەپ تۈگەپ

قالغان چاغدا پەقەتلا ئىسمىم

مەن ئۆزۈمنى ئىزدىدىم قانداق

شېئىرلىرىمدىن چىقىپ سۇغۇرۇلۇپ؟...!

يىغلاپ تۇرار كوچا چىرىغى

ئۇ گوياكى يامغۇر ئەرۋاھى.

شار ـ شار ياغار كەچكۈز يامغۇرى

پاتتاق ئىچىدە كۆردۈم ئۆزۈمنى

يېنىمدا

ئەڭ يېگانە، ئەڭ غېرىب بىر ئىت.

ئۇنىڭ يېنىدا

يىغلاپ تۇرار كوچا چىرىغى.